# 1– باب

## نېمە پەرقى بار؟

يېقىندا مەن ۋاشىڭتوندا بەزى ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. مەن ئۇلاردىن: «سىلەرچە ئەيسا مەسىھ دېگەن كىم؟» دەپ سورىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھنى ئۇلۇغ دىنىي يېتەكچى دەپ قارايدىكەن. مەنمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلىمەن. ئەيسا مەسىھ ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۇلۇغ دىنىي رەھبەر. لېكىن مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

تاكى ھازىرغىچە كىشىلەر «ئەيسا مەسىھ كىم؟» دېگەن سوئالنىڭ ئۈستىدە تالاش – تارتىش قىلىپ كەلمەكتە. نېمە ئۈچۈن بىر ئادەم ئەنە شۇنداق كۆپ مۇنازىرىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان بەزى ئادەملەر باشقا دىنىدىكى دىنىي يېتەكچىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانغا قارىغاندا، خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلىشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خۇدا توغرىسىدا گەپ بولغاندا، باشقىلار خاپا بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما، سىز ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا گەپ قىلىشىڭىزغا، ئۇلار دەرھال گەپنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىۋېرىدۇ ياكى جىددىيلىشىپ كېتىدۇ؟ مەن ئىلگىرى لوندوندا بىر تاكسى شوپۇرى بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۇ دەرھال: «مەن دىن توغرىسىدا پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرمەيمەن، بولۇپمۇ ئەيسا توغرىسىدا سۆزلەشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن» دېگەنىدى.

ئەيسا مەسىھ بىلەن باشقا دىنىنىڭ دىنىي يېتەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق ئوخشىماسلىق بار؟ نېمە ئۈچۈن ساكيامۇنىي، مۇھەممەت ۋە كوڭزىنىڭ ئىسىملىرى ئادەملەرنى ئويغا سالالمايدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئۇلار ئۆزلىرىنى خۇدا دەپ ئاتىمىغان. مانا بۇ ئەيسانىڭ باشقا دىنىي رەھبەرلەردىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئەيسا مەسىھنى تونۇغان ئادەم ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ كىشىنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىشى شۇنى ئىسپاتلايدىكى، ئۇ ھەرگىزمۇ ئاددىي ئادەم ياكى پەقەت بىر پەيغەمبەرلا ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى بىزگە ناھايىتى ئېنىق ئايان قىلىپ بەرگەن. ئۇ ئۆزىنى خۇدا بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى بىردىن-بىر چىقىش يولى، گۇناھنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنىڭ بىردىن–بىر چىقىش مەنبەسى، قۇتقۇزۇلۇشنىڭ بىردىن – بىر يولى دەپ كۆرسەتتى.

نۇرغۇنلىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. لېكىن ئەڭ مۇھىم مەسىلە شۇكى، بىزنىڭ نېمىگە ئېتىقاد قىلىشنى ياخشى كۆرۈشىمىز ئەمەس، بەلكى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنى كىم دەپ ئاتىغانلىقىدۇر.

شۇنداق ئىكەن، ئىنجىل يازما يادىكارلىقلىرى زادى يەنە نېمىلەرنى دەيدۇ؟ بۇلاردا دائىم «مەسىھنىڭ خۇداغا خاس خاراكتېرى» توغرىسىدىكى سۆزلەر تىلغا ئېلىنىدۇ، يەنى بۇلاردا ئەيسا مەسىھ دەل خۇدانىڭ ئۆزى دېيىلىدۇ.

ستروڭ (A·H·Strong) ئەپەندى ئۆزىنىڭ سېستېما تېئولوگىيەسىدە خۇدانى «چەكسىز ۋە گۈزەل روھ، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ تەبىر خۇدا بار دەپ قارىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە يەنى ئىسلام دىنى ۋە يەھۇدىي دىنىغىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئالەمنى خۇدا ياراتقان ۋە پىلانلىغان، ھەممە ئىش خۇدانىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى بولسا بۇنىڭغا يەنە بىر جۈملىنى يەنى : «خۇدا ناسرىيەلىك ئەيسانىڭ سالاھىيىتىدە تەنگە ئايلىنىپ، بۇ دۇنياغا كەلدى» دېگەننى قوشىدۇ.

ئەيسا مەسىھ ئەمەلىيەتتە بىر ئىسىم، بىر ئاتىلىشتۇر. بۇنىڭ مەنىسى «قۇتقۇزغۇچى خۇدا» دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىھ دېگەن بۇ سۆز گرېكچە مەسسىيا دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، [ئىبرانىي تىلىدا «مايلانغۇچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ («دانىيال پەيغەمبەرنىڭ كىتابى» 9-باب، 26- ئايەت)]، بۇ سۆز پادىشاھ ۋە روھانىي دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتىدۇ. دېمەك ئەيسا مەسىھ دېگەن بۇ ئىسىم تەۋراتتا بېشارەت بېرىلگەن، كېلىشكە ۋەدە قىلغان روھانىي ۋە پادىشاھنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەزرىتى ئەيسانى ۋە مەسىھ ئېتىقادىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم.

ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. ئىنجىلدا ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىسىم پەقەت خۇداغىلا بېرىشكە لايىق بولغان ئىسىمدۇر. مەسىلەن: ھەزرىتى ئەيسا بىر ئايەتتە بىۋاستە خۇدا دەپ ئاتالغان: «ئارزۇ قىلغان بەخت – سائادەتنى، ھەمدە ئۇلۇغ خۇدانى ۋە بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچى رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ شان –شەرىپىنىڭ نامايەندە بولۇشىنى كۈتۈشىمىز لازىم» («تىتۇسقا يېزىلغان خەت» 2-باب، 13- ئايەت، بۇنىڭدىن باشقا يەنە «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1-باب، 1-ئايەت ؛ «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 1-باب، 8- ئايەت؛ «رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 9-باب، 5- ئايەت؛ «يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 5-باب، 21- ۋە 22-ئايەت قاتارلىق ئايەتلەردىن پايدىلىنىڭ). مۇقەددەس كىتاب تەسۋىرلىگەن ئەيسا مەسىھنىڭ خاراكتېرى پەقەت خۇدادىلا بولۇشقا تېگىشلىك خاراكتېرلەردۇر. ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھ ئەزەلدىن بار بولغۇچى(«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1-باب، 4-ئايەت؛14-باب، 6- ئايەت)، ھەممە جايدا بار بولغۇچى («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 28-باب، 20- ئايەت؛ 18-باب، 20- ئايەت)، ھەممىنى بىلگۈچى («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4-باب، 16- ئايەت؛ 6-باب، 64-ئايەت ، «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 17-باب، 22-27-ئايەتتىن، 27-ئايەتكىچە)، ھەممىگە قادىر بولغۇچى («ۋەھىي» 1-باب، 8- ئايەت؛ «لۇقا

بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4-باب، 39-ئايەتتىن 55-ئايەتكىچە؛7-باب، 14- ۋە 15-ئايەت؛ «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 26- ۋە 27- ئايەت )، ھەتتا مەڭگۈ ھايات بولغۇچى («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 5-باب، 11-، 12- ۋە 20- ئايەت؛ «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1-باب، 4- ئايەت) دەپ تەرىپلىنىدۇ.

ئەيسا مەسىھ ئىگە بولغان شان ـشەرەپ ۋە ئۇنىڭغا قىلىنغان مەدھىيىلەرگە پەقەت خۇدالا ئېرىشىشكە لايىقتۇر. بىر قېتىم ئەيسا مەسىھ شەيتاننىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغاندا مۇنداق دەيدۇ: «مۇقەددەس كىتابتا ‹رەببىڭلار بولغان خۇداغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، پەقەت ئۇنىڭغىلا خىزمەت قىلىڭلار› دېيىلگەن» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4-باب، 10- ئايەت). ئەيسانىڭ ئۆزىمۇ خۇددى خۇداغا قىلغان ئىبادەتتەك ئىبادەتنى قوبۇل قىلىشقا لايىق بولغان. («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14-باب، 33- ئايەت، 28-باب، 9- ئايەت). ئۇ ھەتتا بەزىدە كىشىلەرنى خۇداغا ئىبادەت قىلغاندەك، ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. («يۇھاننا» 5-باب 23- ئايەت؛ «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 1-باب، 6- ئايەت؛ «ۋەھيي» 5-باب، 8- ئايەتتىن 14-ئايەتكىچە).

ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەنلەرنىڭ كۆپىنچىلىرى پەقەت بىرلا خۇدانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغان ئىخلاسمەن يەھۇدىيلار بولۇپ، ئۇلار پەقەت بىرلا خۇدا بار دەپ چىڭ تۇرغۇچىلار بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئەيسانى كالامدىن تەنگە ئايلانغان ھەقىقىي خۇدا دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى.

پاۋلۇس ئۇزۇن ۋاقىت تەۋرات ئۇستازلىرىنىڭ تەلىمىنى ئالغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بەكرەك ئېتىراپ قىلمىسا بولاتتى. لېكىن ئۇ ناسىرەلىك ئەيساغا ئىبادەت قىلدى ھەمدە ئۇنى خۇدا دەپ ئاتىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۆزۈڭلارغا پەخەس بولۇڭلار، مۇقەددەس روھ سىلەرگە ئامانەت قىلغان ھەر بىر قېرىنداشلارغىمۇ پەخەس بولۇڭلار! پادىچى قويلىرىنى باققاندەك سىلەرمۇ خۇدانىڭ جامائەتچىلىكىنى بېقىڭلار. چۈنكى ئۇلار خۇدا ئۆز ئوغلىنىڭ قېنىغا سېتىۋالغانلاردۇر!» («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 20-باب، 28- ئايەت).ئۇ بۇ سۆزنى قىلغاندا، ئاللىقاچان خۇدانىڭ قوزىسىنىڭ يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

ئەيسا مەسىھ پېترۇستىن ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغان ۋاقتىدا، پېترۇس: «سىز مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ ئوغلى قۇتقۇزغۇچى- مەسىھ ئىكەنسىز»دېگەنىدى. («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16-باب، 16- ئايەت). ئەينى ۋاقىتتا ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ سۆزگە بولغان ئىنكاسى، ئۇنى تۈزىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دېگىنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جاكارلاش بولغانىدى: «يۇھاننانىڭ ئوغلى سىمون، سەن بەختلىكسەن، چۈنكى بۇنى ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئاسماندىكى ئاتىمىز ساڭا ۋەھيي قىلغان» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16-باب 17- ئايەت).

ئەيسا مەسىھنىڭ ياخشى دوستلىرىدىن بولغان مارتا ئۇنىڭغا: «سىزنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىغا كېلىشكە تەيىنلەنگەن قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ، خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن» دېگەنىدى («يۇھاننا» 11-باب، 27- ئايەت). ناتانىيەل ناسىرەدىن ئۇلۇغ بىرەيلەننىڭ چىقىشىغا ئىشەنمىگەنىدى. لېكىن ئاخىرىدا ئۇ ئەيسا مەسىھنى «خۇدانىڭ ئوغلى، ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

ئىستىپان باشقىلار تەرىپىدىن چالما-كېسەك قىلىنغان ۋاقتىدا، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئى رەببىم ئەيسا، مېنىڭ روھىمنى قوبۇل قىلغايسەن» دەپ ۋارقىرىغانىدى («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 7-باب، 59- ئايەت). «ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت»نىڭ ئاپتورى ئەيسا مەسىھنى خۇدا دەپ ئاتايدۇ. «ئوغۇلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا شۇنداق دېيىلەيمىزكى: ‹ئېھ خۇدا، سېنىڭ تەختىڭ مەڭگۈلۈكتۇر......›» («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 1-باب، 8- ئايەت). ئەيسا مەسىھ چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقاندا: «مۇقەددەس روھ كەپتەر ھالىتىدە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قوندى. ئاندىن ئەرشىدىن خۇدانىڭ: ‹سەن مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن سەندىن خۇرسەن› دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 22- ئايەت).

يەنە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان توماسنىڭ ئىقرار قىلىشىنى ئالساق، ئۇ: «ئۇنىڭ قوللىرىدا مىقنىڭ ئىزىنى كۆرمىگۈچە، مىقلارنىڭ ئىزىغا ئۆز بارمىقىمنى ۋە بېقىنىغا ئۆز قولۇمنى تەگكۈزۈپ باقمىغۇچە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن» دېدى. مەنمۇ توماس بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا. ماڭىمۇ پاكىت كېرەك. توماس باشقا شاگىرتلارنىڭ ئالدىدا، ئەيسادىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سەككىزىنچى كۈنى، «ھەزرىتى ئەيسا كىرىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ‹ئامان بولۇڭلار› دېدى. ئاندىن توماسقا: ‹بارمىقىڭنى بۇ يەرگە تەگكۈزۈپ، قوللىرىمغا قارا! قولۇڭنى ئۇزىتىپ، بېقىنىمغا تەگكۈزۈپ باق! گۇمان قىلماي، ماڭا ئىشەن!› دېدى. ‹سەن مېنىڭ رەببىم ھەم خۇدايىمسەن!› دېدى توماس ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ. ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا: ‹مېنى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئىشەندىڭمۇ؟ كۆرمەي تۇرۇپ ئىشەنگەنلەر نەقەدەر بەختلىك ھە!› دېدى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20-باب، 26- ئايەتتىن 29- ئايەتكىچە). كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ چاغدا ئەيسا مەسىھ توماسنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن قىلغان جاكارىنى رەت قىلمىدى. گەرچە ئەيسا توماسنى ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىبادىتىنى ئەيىبلىمىگەنىدى. تەنقىدچىلەر بەلكىم بۇنى باشقىلارنىڭ مەسىھكە بولغان تونۇشى، لېكىن مەسىھ بۇنى ئۆزى خالىمىغان دېيىشى مۇمكىن. خۇددى ئەيسانىڭ زاماندashلىرى ئۇنى خاتا چۈشەنگەندەك بىزمۇ شۇنداق قىلماقتىمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىمىغان دەۋاتىمىز. لېكىن مەن ئەيسا مەسىھ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغان دەپ قارايمەن. ھەتتا ئەيسانىڭ خۇدانىڭ خاراكتېرىنىڭ ئىنجىلنىڭ ھەر بىر بېتىدە بىۋاستە نامايەندە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بىزدە تولۇق ئاساس بار. ھەم ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى ناھايىتى ئېنىق. مۇقەددەس

كىتابىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئەيسانىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغان ياكى ئاتىمىغانلىقىنى تەتقىق قىلماقچى بولغان بىر سودىگەر: «ئىنجىلنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئادەم، ئەيسا ئۆزىنى خۇدا بولمەن دەپ جاركارلىماپتىكەنغۇ، دەپ خۇلاسە چىقارسا، ئۇ خۇددى ھاۋا ئوچۇق كۈنى سىرتتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، قۇياشنى كۆرمەيۋاتىمەنغۇ، دەيدىغان ئادەمگە ئوخشاش» دېگەنىدى. بىز «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»دە ئەيسا مەسىھنىڭ بەزى يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرغان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرەلەيمىز. ۋەقە بىر دەم ئېلىش كۈنىدە يۈز بېرىدۇ. ئەينى چاغدا، ئەيسا بىر توكۇرنى ساقايتىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئورۇن –كۆرپەڭنى يىغىشتۇرۇپ ماڭ دېگەنىدى. «ھەزرىتى ئەيسا بۇ ئىشلارنى دەم ئېلىش كۈنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدىي ئاقساقاللىرى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا: ‹خۇدا ئاتام تا ھازىرغىچە توختىماستىن خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە، مەنمۇ شۇنداق قىلىشىم كېرەك!› دېدى. شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىي ئاقساقاللىرىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. چۈنكى ئۇ دەم ئېلىش كۈنىنىڭ قائىدىسىنى بۇزۇپلا قالماستىن، خۇدانىڭ ئۆز ئاتىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىش بىلەن، ئۆزىنى خۇداغا تەڭ قىلغانىدى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5-باب، 16-ئايەتتىن، 18- ئايەتكىچە). سىز بەلكىم «خۇدائاتام تا ھازىرغىچە توختىماستىن خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە، مەنمۇ شۇنداق قىلىشىم كېرەك» دېسە نېمە بوپتۇ؟ بۇ ھېچنېمىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدىغۇ؟ دېيىشىڭىز مۇمكىن. بىز بىر پارچە ھۆججەتنى تەتقىق قىلىپ چىققىنىمىزدا، چوقۇم ئۇنىڭ سۆز ئىبارىلىرى، مەدىنىيىتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېزىلىش ئوبيېكتىغا نىسبەتەن ئانالىز ئېلىپ بارىمىز. بۇ يەردىكىسى يەھۇدىيلارنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، ئوبيېكت بولسا دەل يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي يېتەكچىسىدۇر. بىز ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز مەدەنىيەت ساھەسىدە ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزىنى قانداق چۈشەنگەنلىكىگە قاراپ باقايلى. «شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىي ئاقساقاللىرىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. چۈنكى ئۇ دەم ئېلىش كۈنىنىڭ قائىدىسىنى بۇزۇپلا قالماستىن، خۇدانىڭ ئۆز ئاتىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىش بىلەن ئۆزىنى خۇداغا تەڭ قىلغانىدى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5-باب، 18- ئايەت). نېمە ئۈچۈن ئۇلاردا بۇنداق جىددىي ئىنكاس پەيدا بولىدۇ؟

سەۋەبى ئەيسا مەسىھ «ئاتام» دېدىكى، ھەرگىزمۇ «ئاتىمىز» دېمىدى. ھەمدە بۇ سۆزگە يەنە «ھازىرغىچە ئىشلاۋاتىدۇ» دېگەن بۇ سۆزنى قوشۇپ قويدى. ئەيسا مەسىھنىڭ مۇشۇ ئىككى ئېغىز سۆزىنىڭ ئۆزىلا ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىنى بولۇپ، بۇ سۆزلەردىن مەنمۇ خۇداغا ئوخشاش ئىش قىلىمەن دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. يەھۇدىيلار ئەزەلدىن خۇدانى «ئاتام» دەپ ئاتىمايتتى. ئەگەر ئاتاشقا توغرا كەلسە، «ئاسماندىكى» دېگەن سۆزنى قوشۇپ بىللە ئاتايتتى. لېكىن ھەزرىتى ئەيسا ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ خۇدانى «ئاتام» دەپ ئاتىغان چېغىدا، ئۇ ئەلۋەتتە يەھۇدىيلارنىڭ بۇ سۆزگە سەل قارىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەيسا بۇ سۆزنى قىلىش ئارقىلىق، خۇدا خىزمەت قىلغاندا، ئۆزىنىڭمۇ يەنى ئوغلىنىڭمۇ داۋاملىق خىزمەتتە بولىدىغانلىقىنى

بىلدۈرگەنىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردە يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. شۇڭلاشقا يەھۇدىيلارنىڭ ھەزرىتى ئەيساغا بولغان ئۆچمەنلىكى بارغانسېرى كۈچەيگەنىدى. دەسلەپتە ئۇلار ئەيساغا پەقەت زىيانكەشلىك قىلىشنىلا ئويلىغان، لېكىن بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلىدى. ئەيسا مەسىھ خۇدانى ئۆزىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتاپ، ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ قىلىپلا قالماي، ئۇ يەنە: «ئاتام ئىككىمىز ئەسلىدە بىرمىز» دەيدۇ. بىر قېتىم بايرام مەزگىلىدە، ئەيسا مەسىھ يېرۇسالېمدا بەزى يەھۇدىي دىنىي ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن مەسىھلىق سالاھىيىتى توغرىسىدا سوراق قىلىنىدى. ئەيسا ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاتام ئىككىمىز ئەسلىدە بىرمىز» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 30- ئايەت)؛ «بۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار يەنە ئۇنى چالما ـكېسەك قىلىش ئۈچۈن يەردىن تاش ئېلىشتى. ‹ئاتام ماڭا بۇيرۇغان كۆپ ياخشى ئىشلارنى ئالدىڭلاردا كۆرسەتتىم. بۇ ئىشلارنىڭ قايسىسى ئۈچۈن مېنى چالما-كېسەك قىلماقچىسىلەر؟› دېدى ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا. ‹سېنى ياخشى ئىشلىرىڭ ئۈچۈن ئەمەس، كۇپۇرلۇق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن چالما ـ كېسەك قىلىمىز. چۈنكى سەن ئادەم تۇرۇقلۇق ئۆزۈڭنى خۇدا قىلىپ كۆرسەتتىڭ!› دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى خالايىق» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 31- ئايەتتىن 33-ئايەتكىچە). بىز بەلكىم ئۇلارنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ سۆزىگە نېمە ئۈچۈن مۇنداق جىددىي ئىنكاس قايتۇردىغانلىقىغا ھەيران قېلىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىز گرېك تىلىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ناھايىتى قىزىقارلىق بىر مەنىنى بايقايمىز. گرېك ئەدەبىياتشۇناسى روبېرتسون (A·T·Robertson) مۇنداق يازىدۇ: «بىر دېگەن بۇ سۆز گرېك تىلىدا ئوتتۇرا رودقا تەۋە سۆز بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئەرەنچە رودتىكى ئىسىم ئەمەس. ئۇ ئورۇن ۋە مەقسەت جەھەتتىكى بىرلىششىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ئۇ ماھىيەت ياكى بىر پۈتۈنلۈك جەھەتتىكى بىرلىششىنى كۆرسىتىدۇ». ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ جاراڭلىق ئاۋاز مەسىھنىڭ ئۆزى يەنى ئوغلى بىلەن ئاتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاشكارلىشىدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. مانا بۇ پەرىسىيلەرنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىغانىدى». بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئىدىيىسىدە، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغانلىقى گۇمانسىزدۇر. مۇرىبىست ئالىي مەكتىپىنىڭ مۇدىرى مورىس (Leon Morris) مۇنداق يازىدۇ: «يەھۇدىيلار ئەيسانىڭ سۆزىنى خۇداغا شەك كەلتۈرگەنلىك دەپ قارىغاچقا، ئۆز قولى بىلەن ئۇنى سوراق قىلماقچى بولىدۇ. چۈنكى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن قانۇندا، خۇداغا شەك كەلتۈرگەنلەر چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك دەپ يېزىلغانىدى. («لېۋىيلىقلار» 24-باب، 16- ئايەت). لېكىن، ئۇلار قانۇن يولى بىلەن ئىش قىلمىدى. ئۇلار سوتچىنىڭ سوراق قىلىشىغا ئاساس بولىدىغان ئەرزنامىنى تېخى تەييارلىمىغانىدى. ئۇلار پەقەت غەزەپ ئىچىدىلا سوراق قىلىشنى باشلىغانىدى»

ئەيسا مەسىھ «خۇداغا شەك كەلتۈردى» دېگەن سەۋەب بىلەن چالما ـكېسەك قىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندى. يەھۇدىيلار ئەيسانىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە چۈشىنەتتى. بىزمۇ بەلكىم ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆز غەزىپىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ،

ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ راست ياكى يالغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىپ باقمىغان بولغىيتتى، دەپ ئويلىنىشىمىز مۇمكىن. ئەيسا مەسىھ ماھىيەت ۋە تەبىئىيەت جەھەتتە ئۆزىنى خۇدا بىلەن بىر دەپ ئاتاپ قالماستىن، يەنە ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ: «سىلەر يا مېنى تونۇمايسىلەر، يا ئاتامنى. مېنى تونۇغان بولساڭلار ئاتامنىمۇ تونۇغان بولاتتىڭلار» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 19- ئايەت). «مېنى كۆرگەنلەر، مېنى ئەۋەتكۈچىنىمۇ كۆرگەن بولىدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12-باب، 45- ئايەت). «ئۇلارنىڭ مەندىن نەپرەتلەنگىنى ئاتامدىنمۇ نەپرەتلەنگىنى بولىدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 15-باب، 23- ئايەت). «بۇنىڭدىكى مەقسەت، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتلىگىنىدەك، ئوغلىنىمۇ ھۆرمەتلىشى ئۈچۈندۇر. ئوغلىنى ھۆرمەتلىمىگەنلەر ئۇنى ئەۋەتكۈچى ئاتىسىنىمۇ ھۆرمەتلىمىگەنلەردىن بولىدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5-باب، 23- ئايەت) دېگەنىدى. بۇ ئايەتلەر ئەيسانىڭ ئۆزىنى ئادەتتىكى ئادەم دەپ قارىمىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ؛ ئۇ ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. ئەيسانى پەقەتلا باشقىلارغا قارىغاندا خۇداغا يېقىنراق تۇرىدىغان ئادەم دەپ قارايدىغانلار: «ئەگەر سەن ماڭا ئاتامغا ھۆرمەت قىلغاندەك ھۆرمەت قىلمىساڭ، بىزگە ھۆرمەت قىلمىغان بولىسەن» دېگەن باياناتنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقسۇن. بىر قېتىم مەن ۋەست ۋىرگىنىيائۇنىۋېرسىتېتىدا ئەدەبىيات دەرسىنى بېرىۋاتقان چېغىمدا، بىر پروفېسسور مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلۈپ، پەقەت يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەردىلا ئەيسانىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغانلىقى خاتىرىلەنگەن، لېكىن يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ئەڭ ئاخىرىدا يېزىلغان خۇش خەۋەر كىتابى. ئەڭ دەسلەپتە يېزىلغان ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەردە ئەزەلدىن ئەيسانىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغانلىقى خاتىرىلەنمىگەن دېدى. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدە ئىككى خىل مۇمكىنچىلىكنىڭ بارلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بىرى، ئۇ ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەرنى پەقەت ئوقۇپ باقمىغان، يەنە بىرى، ئۇ ئوقۇغاندا زېھىن قويۇپ ئوقۇمىغان. مەن ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەرنى ۋاراقلىغىنىمدا، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدە گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى جاكارلىغانلىقىنى كۆردۈم. ئەيسا مەسىھ پالەچ ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم، گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىندى» دېگەنىدى. («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2-باب، 5- ئايەت)، («لوقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7-باب، 48- ئايەتتىن 50- ئايەتكىچە). يەھۇدىيلارنىڭ قانۇنى بويىچە پەقەت خۇدالا گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. «يەشايا» 43-باب، 25- ئايەتتە: «گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش پەقەت خۇدانىڭ ئالاھىدە ئۆزىگىلا خاس بولغان ھوقۇقى» دەپ يېزىلغان. تەۋرات ئۇستازلىرى: «بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن بۇنداق سۆزلەيدۇ؟ ئۇ كۇپۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ. خۇدادىن باشقا كىممۇ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلالىسۇن؟» دەپ سوئال قويۇشقانىدى. («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2-باب، 7- ئايەت). ھەزرىتى ئەيسا ئۇلاردىن «گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىندى» دېيىشنىڭ ئاسانمۇ ياكى «ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ماڭ» دېيىش ئاسانمۇ دەپ سورىغانىدى. چۈشەندۈرلۈشتە مۇنداق

دېيىلىدۇ: «بۇ بىر جاۋاب بېرىش تەس بولغان مەسىلە، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنىلا ئېغىزدا دېيىش ئاسان، بىراق، ئېغىزدىن چىققان سۆزلەر بىلەن ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەر ئىككىلىسى خۇدادىن كەلگەن كۈچ-قۇدرەتكە مۇھتاج بولىدۇ. قارىسىغا سۆزلەيدىغانلارنىڭ بىرى بەلكىم باشقىلارنىڭ گۇمانلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىنقىسىنى دېمەك ئاسان دېيىشى مۇمكىن، بىراق ئەيسا مەسىھ كېسەلنىمۇ ساقايتىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ كېسەلنىڭ سەۋەبىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى» مانا مۇشۇ سەۋەبتىن دىنىي يېتەكچىلەر كۇپۇرلۇق قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى.

چافېر (Lewis Sperry Chafer) ئېيتىدۇكى: «دۇنيادا ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى يوق. ئۇلار رەنجىتكەن ئاشۇ مەۋجۇداتتىن باشقا ھېچكىم گۇناھنى كەچۈرۈم قىلالمايدۇ. ئەيسا مەسىھ گۇناھنى كەچۈرۈم قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىشلەتكىنى ئادەمنىڭ ھوقۇقى ئەمەس، چۈنكى خۇدادىن باشقا ھېچكىم گۇناھنى كەچۈرۈم قىلالمايدۇ. بىراق ئەيسا مەسىھ گۇناھنى كەچۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىردىن-بىر خۇلاسە شۇكى ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئۆزىدۇر».

گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىشتىن ئىبارەت بولغان بۇ ئۇقۇم ئىلگىرى مېنى بىر مەھەل تەمتىرىتىپ قويغانىدى. سەۋەبى مەن بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم. بىر كۈنى ئەتىگەندە مەن ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەردىكى يۇقىرىقى ئايەتلەر ئارقىلىق ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدالىق خاراكتېرى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردىم. ئەينى چاغدا بىر دوستىنت مېنىڭ چىقارغان يەكۈنۈمگە رەددىيە بەرگەنىدى. ئۇ: «مەنمۇ ئادەملەرنى كەچۈرۈم قىلالايمەن، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن مەن ئۆزۈمنى خۇدا دەۋالسام بولمايدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ سوئالىنى ئويلىغىنىمدا، دەرھال ئەينى چاغدىكى دىنىي يېتەكچىلەرنىڭ ئەيسا مەسىھكە قارشى تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. شۇنداق سىز: «مەن سىزنى كەچۈردۈم دېيەلەيسىز» بىراق بۇ سۆزنى كۆڭلى ئاغرىغان تەرەپلا قىلىشقا ھەقلىق بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر سىز مېنى رەنجىتىپ قويسىڭىز مەن: «مەن سىزنى كەچۈردۈم» دېيەلەيمەن. لېكىن ئەيسا مەسىھنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشمايدۇ. بۇ پالەچ ئادەم خۇدانىڭ ئالدىدىلا گۇناھ ئۆتكۈزگەن، بىراق ئەيسا ئۆز ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ: «گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىندى» دېدى. ئەلۋەتتە، بىز رەنجىگەن ئادەملىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلالايمىز، لېكىن خۇدادىن باشقا ھېچقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. لېكىن ئەيسا دەل شۇنداق قىلالىدى.

ناسىرەدىن كەلگەن بىر ياغاچچى قورقماستىن ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويسا، يەھۇدىيلارنىڭ غەزىپىنىڭ قوزغىلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى بولسا، ئۇنىڭ خۇداغىلا خاس بولغان ئالاھىدە ھوقۇقنى ئىشلىتىشىنىڭ بىر ياخشى مىسالى. ئوخشاشلا، بىز يەنە ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەردىن ئەيسا مەسىھنىڭ جازالانغانلىقىنى كۆرىمىز (14-باب، 60- ئايەتتىن،

64- ئايەتكىچە) «ئالىي روھانىي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوتتۇرىغا كېلىپ ئەيسادىن: ‹بۇ ئادەملەر سېنىڭ ئۈستىڭدىن نېمىنى شىكايەت قىلىۋاتىدۇ؟ سەن نېمە ئۈچۈن جاۋاب بەرمەيسەن؟› دېدى. بىراق، ئەيسا ھېچنېمە دېمىدى. ئالىي روھانىي يەنە ئۇنىڭدىن: ‹ سەن مەدھىيىلەنگۈچى خۇدانىڭ ئوغلىمۇ؟ › دەپ سورىدى. ئەيسا: «ھەئە مەن شۇ. سىلەر ئىنسان ئوغلىنىڭ قادىر خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغانلىقىنى، بۇلۇتلارغا مىنىپ چۈشىدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئالىي روھانىي كىيىملىرىنى يىرتىپ: «بىزگە يەنە قانداق گۇۋاھچى كېرەك ئىدى؟ سىلەر ھەممىڭلار ئۇنىڭ كۇپۇرلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭلارغۇ؟ سىلەرچە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟» دېدى. كۆپچىلىك بىردەك ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى كېرەك دېيىشتى.

دەسلەپتە ئەيسا مەسىھ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئۇنىمىغاچقا، ئالىي روھانىي ئۇنى قەسەم ئىچىشكە مەجبۇرلىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەيسا مەسىھ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇ «سەن مەدھىيىلەنگۈچى خۇدانىڭ ئوغلى بولامسەن؟» دەپ سوراق قىلغاندا، جاۋاب بېرىپ: «ھەئە شۇنداق» دېدى.

ئەيسا مەسىھنىڭ ئىقرارنامىسىنى تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ ئۆزىنى بىرىنچىدىن خۇدانىڭ ئوغلى؛ ئىككىنچىدىن قۇدرەتلىك خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغۇچى؛ ئۈچىنچىدىن بۇلۇتلارغا ئولتۇرۇپ، قايتا كېلىدىغان ئىنسان ئوغلى دەپ ئاتىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. بۇ يەردىكى ھەر بىر نۇقتا ئۇنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش بەك مۇھىم. ئالىي كېڭەشمە ۋە يەھۇدىي سوتى بۇ ئۈچ تەرەپنى بەكمۇ ئېنىق ئاڭلىغان بولۇپ، ھەتتا ئالىي روھانىينىڭ بۇنىڭغا بولغان ئىنكاسى ئۆز كىيىملىرىنى يىرتىپ: «بىزگە يەنە قانداق گۇۋاھچى كېرەك؟» دېگەندىن ئىبارەت بولغان. ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى گۇۋاھلىقىنى ئاخىرى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاشقانىدى. ئۇنىڭ سۆزى ئۇنىڭ گۇناھىنى بېكىتىشتىكى ئاساس بولغانىدى. ئاندەرسون (Robert Anderson) مۇنداق دەيدۇ: «ھېچقانداق گۇۋاھلىق غەزەپ ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىدەك قايىل قىلارلىق بولمايدۇ. رەببىمىزنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىشى، شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ھەرىكەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىز شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى، يەھۇدىيلار ھەرگىزمۇ بىر توپ ئوقۇمىغان، قالاق ئادەملەر ئەمەس. ئۇلار ئالىي مەلۇماتلىق، ھەمدە ئىنتايىن ئىخلاسمەن بولغان بىر مىللەت؛ لېكىن ئەيسا مەسىھ ئۆزى توغرىسىدىكى شىكايەت بىلەنلا، كېڭەشمە تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. كېڭەشمە دەل ئۇلارنىڭ دۆلەت پارلامېنتى ئىدى. ئۇ ئالاھىدە دىنىي يېتەكچىلەردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، يامائىر ۋە ئۇنىڭ ئەڭ قاۋۇل ئادەملىرىدىن بولغان سائۇل قاتارلىق ئادەملەرمۇ بار ئىدى».

ناھايىتى ئېنىقكى ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ يەردىكى سۆزلىرى ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى گۇۋاھلىق سۆزلىرى بولۇپ، يەھۇدىيلار ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتاۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ يەردە ئىككى خىل

ئېھتىماللىقىقا دۇچ كېلىمىز. بىرى ئۇ كۇپۇرلۇق سۆزلىگەن. يەنە بىرى ئۇ ھەقىقىي خۇدا. ئۇنى جازالىغان ئادەملەر بۇ تەرىپىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلىگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۇنى كرېستكە مىقلىشى ھەم مەسخىرە قىلىشىنىڭ سەۋەبى «ئۇ خۇداغا تايىناتتى......چۈنكى ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىغانىدى» («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 27-باب، 43-ئايەت).

سۋېت (H· B· Swete) ئالىي روھانىينىڭ كىيمىنى يىرتىشى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەسلىدە ئالىي روھانىينىڭ شەخسىي ئىشلار توغرىسىدا كىيىم — كېچەكنى يىرتىشى قانۇن تەرىپىدىن چەكلەنگەن. («لېۋىيلىقلار» 10-باب، 6- ئايەت، 21-باب، 10-ئايەت). لېكىن سوراق قىلىنىۋاتقاندا، ئەنئەنە بويىچە ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ھەرقانداق بىر كۇپۇرلۇققا نىسبەتەن غەزەپلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بۇ سوراق ئاخىرى توختىدى. چۈنكى ئۇلارغا ئەمدى پاكىتنىڭ كېرىكى يوق ئىدى. جىنايەتچى ئۆز گۇناھىنى ئۆزى بېكىتكەنىدى»

بىز باشتىلا بۇ سوراقنىڭ ئادەتتىكى بىر سوراق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. خۇددى ئادۋوكات لېنتۇن(Irwin Linton) كۆرسەتكەندەك: «بۇ ھۆكۈمنىڭ ئالاھىدە تەرىپى ئۇنىڭ جىنايەتچىگە ئەمەس، بەلكى جاۋابكارنىڭ سالاھىيىتىگە قارىتىلغانلىقىدا. مەسىھكە ئارتىلغان جىنايەت، سوتتىكى دەلىل، رىم ئەمەلدارىنىڭ سوراقلىرى ۋە ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا كرېست ئۈستىدىكى ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتى ۋە ئابرويى توغرىسىدا بولدى. ‹ ئەيسا كىم ؟ ئۇخۇدانىڭ ئوغلىمۇ؟›»

نيۇيۇرك سوتىنىڭ قانۇن نەزەرىيۋى ئاساسى ئىلمىنىڭ نوپۇزلۇق سودىيىسى گاينور (Gaynor) ئەيسا مەسىھكە چىقىرىلغان ھۆكۈم توغرىسىدا توختىلىپ، كېڭەشمىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن بىردىن-بىر ئەيىبنامىسى خۇداغا كۇپۇرلۇق قىلدى دېگەندىن ئىبارەت بولغان دەپ ھېسابلىغانىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خۇش خەۋەر كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى بەتنام ئۇ كۇپۇتلۇق قىلدى دېيىشتىن ئىبارەت بولدى:...... ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىدە ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ-قۇدرەتنىڭ بارلىقىنى ئايان قىلىشىنىڭ ئۆزى دەل ئادەملەرنىڭ سۆزى بويىچە كۇپۇرلۇق قىلىشتۇر» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 33- ئايەت).

كۆپىنچە دېلولاردا، جىنايەت گۇماندارى ئۆزىنىڭ جىنايىتى سەۋەبىدىن سوراق قىلىنىدۇ. بىراق، ئەيسا مەسىھ ئۇنداق ئەمەس. ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى سەۋەبىدىن سوراق قىلىنغان.

ئەيسا مەسىھنىڭ سوراق قىلىنىشى ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغانلىقىنى تولۇق نامايەندە قىلىدۇ. ئۇنى سوراق قىلغان ئادەم بۇ نۇقتىغا ئىسپات بولالايدۇ. ھەتتا ئۇ كرېستكە مىقلانغان ئاشۇ كۈنىمۇ ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى: «ئۇ بۇرۇن مەن ئادەم بولۇپ دۇنياغا كەلگەن خۇدا بولىمەن دېگەنىدى» دېيىشكەنىدى. ئالىي روھانىي، تەۋرات ئۇستازلىرى ۋە يەھۇدىي ئاقساقاللىرى ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:«سەن باشقىلارنى قۇتقۇزىمەن دەيتتىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇپ باقە. ئەگەر ئۇ ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھى بولىدىغان بولسا

ھازىرلا كىرىستىن چۈشسۇن، ئاندىن بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز. ئۇ خۇداغا تايىنىمەن دەيتتى: ئەگەر خۇدا ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولسا، خۇدا ئۇنى قۇتقۇزۇپ باقمىسۇنمۇ؟ ئۇ ئۆزىنى مەن خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىغان ئەمەسمۇ؟» دېيىشتى(«مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 27-باب، 41-ئايەتتىن، 43- ئايەتكىچە).

# 2- باب

## خۇدامۇ، ئالدامچىمۇ ياكى ساراڭمۇ؟

ئەيسا مەسىھنىڭ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، ئۆزىنى خۇدا دەپ جاكارلىشى ئېقىپ يۈرگەن خاتا كۆز قاراشلارغا رەددىيە بەردى. يەنى بۇ خاتا كۆز قاراشلار ئەيسا مەسىھنى پەقەتلا ئەخلاق –پەزىلەت جەھەتتە مۇكەممەل بولغان ياخشى ئادەم ياكى چوڭقۇر ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان «پەيغەمبەر» دەيدىغان كۆز قاراشلاردۇر. مۇنداق قاراشلار دائىم «ئوقۇرمەنلەر»گە نىسبەتەن بۇ بىردىن-بىر قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان خۇلاسىدەك تۇيۇلىدۇ. ياكى تەجرىبىدىن ئۆتكەن مۇقەرەر نەتىجىدەك تۇيۇلىدۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى كۆپىنچە باش لىڭشىتىپ بۇ پىكىرنى قۇۋەتلىگەن ئادەملەر بۇ يەكۈننىڭ كەينىدىكى خاتا كۆز قاراشنى ئەسلا بايقىمىغان بولىدۇ.

ئەيسا مەسىھكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئۇنى كىم دەپ تونۇشى ئەڭ مۇھىم. ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرى ۋە ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى جاكارلىشىدىن ھېچكىم ئۇنى پەقەتلا ياخشى ئادەم ياكى پەيغەمبەر دەپ ئاتىمايدۇ. بۇنداق تاللاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى لېۋىس (C· S·Lewis) بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «مەن بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا دائىم كۆرۈلىدىغان ئەخمىقانە ئوي-خىيالنى چىقىرىپ تاشلىماقچىمەن: ‹مەن ھەزرىتى ئەيسانى ئۇستاز دەپ قوبۇل قىلىشنى خالايمەن. بىراق، مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايمەن›. بىز بۇ سۆزنى قىلساق بولمايدۇ. خۇدا بولماي تۇرۇپ ئەيسا مەسىھتەك سۆزلىگەن ئادەم ھەرگىزمۇ ئۇلۇغ بىر ئېتىكا مۇئەللىمى بولالمايدۇ. ئۇ خۇددى پىشۇرۇلغان ساراڭ بىلەن ھېچ پەرقى بولمىغان ئادەم بولىدۇ خالاس. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ چوقۇم دوزاختىن چىققان ئالۋاستى بولىدۇ. سىز ئۇنى بۇ ئادەم خۇدانىڭ ئوغلى دەپ تاللىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، نېرۋىسىدىن چاتاق چىققان ياكى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ».

ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «سىز ئۇنى ساراڭ قاتارىغا چىقىرىپ سولاپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىز ئۇنى جىن چاپلاشقان قاتارغا چىقىرىپ تاشلىۋەتسىڭىزمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. ياكى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، ئۇنى خۇدايىم دېسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن بىز ئۇنى ھەرگىز «ئۇلۇغ ئۇستاز» دەيدىغان بىمەنە سۆزنى قىلمايلى. ئۇ بىزگە بۇنداق تاللاشنىڭ ئىمكانىيىتىنى بەرمىگەن».

28 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىنجىلغا نىسبەتەن تەنقىدى تەتقىقات ئېلىپ بارغان خورت (F·J·A· Hort) مۇنداق يازىدۇ: «ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆزىگە

نسبەتەن ئېيتىلغان. ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر سالاھىيتىدە تۇرۇپ، ئابستراكتنى بولغان ھەقىقەت توغرىسىدا سۆزلىگەن بولسا، بۇنىڭ مەنىسى بولماس ئىدى.

يال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخچىسى لاتۇرەت (Kenneth Scott Latourette) مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن پەرقلىنىپ تۇردىغان ھەقىقىي تەرىپى ئەمەس، تەلىملەرگە ئۇنىڭ ئۆزىنى قوشۇشى ئەڭ مۇھىمدۇر. بۇ ئىككىسىنى بىر-بىردىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ» لاتۇرەت يەكۈنلەپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «خۇش خەۋەر كىتابلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇغان ھەر قانداق بىر كىشى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنى تەلىملىرىدىن ئايرىمايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. ئۇ بىر ئۇلۇغ ئۇستاز. لېكىن، ئۇنى مۇشۇنداق دەپلا چەكلەپ قويساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقى، ئادەملەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە خۇدا توغرىسىدىكى تەلىملىرىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم. بىراق، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەلىملىرى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلغان بولسا مۇقەرەر ھالدا كەمتۈكلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغان. ئۇ كىشىلەرگە باشقا تاللاش ئىمكانىيىتىنى ئەسلا بەرمىگەن. ئۇنىڭ مۇنداق جاكارلىشىنىڭ پەقەتلا ياكى راست ياكى يالغان بولۇشلا ئىمكانىيىتى بولۇپ، ئۈچىنچى خىل ئىمكانىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز چوقۇم ئېھتىيات بىلەن ئويلىنىشىمىز لازىم. ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىدىن : «سىلەر مېنى كىم دەيسىلەر؟» دەپ سورىغاندا («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 16-باب، 15- ئايەت) بىر قانچە خىل جاۋاب بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار بولىدۇ.

بىرىنچى، ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغانلىقىنى يالغان دەپ پەرەز قىلايلى. ئەگەر يالغان بولىدىغان بولسا، بۇ يەردە پەقەت ئىككىلا مۇمكىنچىلىك بار بولغان بولىدۇ. بىرى، ئۇ يالغانلىقىنى چوقۇم بىلىدۇ. يەنە بىرى ئۇ يالغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىز تۆۋەندە ھەر بىر مۇمكىنچىلىككە نىسبەتەن ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل ئېلىپ بارىمىز.

**ئۇ ئالدامچىمۇ؟**

ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغاندا، ئەگەر ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ خۇدا ئەمەسلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ يالغان ئېيتىپ، قەستەن ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئالدىغان بولىدۇ. لېكىن ئەگەر ئۇ بىر ئالدامچى بولسا، ئۇ چوقۇم ساختىپەزمۇ بولىدۇ. چۈنكى مەيلى ئۇ قانداقلا بولمىسۇن كىشىلەرگە سەممىي بولۇش توغرىسىدا تەلىم بېرىپ، ئۆزى چوڭ ئالدامچىلىق ئىچىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى ساختىپەز ئادەم دېسەك خاتالاشمايمىز. ھەتتا بىز ئۇنى ئالۋاستى دېسەكمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ مەڭگۈلۈك تەقدىرىنى ئۆزىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئەگەر ئۇ دېگىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسا، ھەم ئۆزىنىڭ ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقىنى بىلسە ئۇ ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئالۋاستى ھېسابلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ بىر ساراڭمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كرېستكە مىقلىنىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇدا

دەپ ئاتىغانلىقىدىن بولغانىدى. نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئەيسا مەسىھنى ئۇلۇغ بىر ئېتىكا ئۇستازى دەپ قارايدۇ. بىز ئەمەلىيەتچانراق بولايلى. ئەڭ مۇھىم بولغان تەلىمدە ‹ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدا› باشقىلارنى ئالدىسا بىز ئۇنى قانداقمۇ ئۇلۇغ بولغان بىر ئېتىكا ئۇستازى دەپ ئېيتالايمىز.

سىزنىڭ يەكۈنىڭىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بىر ئالدامچى بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى بۇ يەكۈن بىز تونۇيدىغان ئەيسا مەسىھ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ بەرگەن تەلىملىرى بىلەن ئازراقمۇ ماسلاشمايدۇ. ئومۇمەن ئەيسا مەسىھ جاكارلانغان ۋە ئۇنىڭ خۇدا ئىكەنلىكى جاكارلانغان جايلاردا ھاياتلىق ئۆزگىرىۋاتىدۇ. دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشىلىنىۋاتىدۇ. ئوغرى سەممىي ئادەمگە ئايلىنىۋاتىدۇ. ھاراقكەشلەر شىپا تېپىۋاتىدۇ. دۈشمەنلەشكەنلەر دوستلىشىۋاتىدۇ. ھىلە –مىكىرلىك قىلغانلار ئادىل بولوپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ.

ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى تەشكىلاتلىرىغا قاتتىق قارشى تۇرغان ئەڭگىلىيىلىك ماشھۇر تارىخشۇناس ۋىليام لېكىي (William Lecky) مۇنداق يازىدۇ: «18 ئەسىر داۋامىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىش ۋە تەرەقىياتلار داۋامىدا، پەقەتلا ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىلا بۇ دۇنياغا كۆڭۈلدىكىدەك ئەخلاقى –پەزىلەت بېغىشلىيالىدى. ئۇ قىزغىن مۇھەببىتى ئارقىلىق يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالالىدى. ئۇ ھەرقانداق زاماندا، ھەرقانداق دۆلەتتە، ھەرقانداق ۋەزىيەتتە ۋە ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق نامايەندە قىلىپ كەلدى. ئۇ ئەخلاقى–پەزىلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھالىتى بولۇپلا قالماستىن يەنە ئارزۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. قىسقىغىنە ئۈچ يىل ئىچىدىكى خاتىرىلەر پەيلاسوپلارنىڭ ئىزدىنىشى ۋە ئەخلاق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىدىن ئادەملەرنى تېخىمۇ بەكرەك ئۆزگەرتەلىگەنىدى».

تارىخشۇناس شاف (Philip Schaff) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ گۇۋاھلىق بەرگۈچى راست سۆزلىمىگەن بولسا، كۇپۇرلۇق ياكى تەلۋىلىك قىلغان بولىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ ئەخلاقىنىڭ قۇسۇرسىزلىقى ۋە ئۇنىڭ ئابرۇيىدىن قارىغان چېغىمىزدا، كۇپۇرلۇق قىلدى دەپ پەرەز قىلىش پەقەت پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىگەن ھەر بىر ئېغىز سۆزى ۋە ئۇنىڭ قىلغان ھەر بىر ھەرىكىتى بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ، بۇنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئېتىراپ قىلغان. ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىپادىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دانا ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنى مانا مۇشۇنداق مۇھىم بولغان ئىشتا ئۆز-ئۆزىنى ئالدىدى دېيىلسە، بۇنىڭغا ئىشىنىش بەكمۇ تەس بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشى ئەزەلدىن جايىدا. ئۇ بارلىق قىيىنچىلىق ۋە زىيانكەشلىكلەرگە سوغاق قانلىق بىلەن يۈزلىنىپ كەلگەن. ئۇ ئاقىلانىلىق بىلەن ئۇنى سوراق قىلغانلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئالدىن ئېيتقان ئۆزىنىڭ كرېستكە مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتا تىرىلىشى، مۇقەددەس روھقا چۈمۈلۈش، ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى، يېرۇسالىمنىڭ ۋەيران بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك بولۇپ چىقتى. بۇنداق ئادەمنىڭ تەلۋە ئادەم بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق ئادەمنىڭ ئالدامچى ياكى ساختا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. خۇددى

كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، شائىر چوقۇم شېئىردىكى قەھرىماندىن تېخىمۇ ئۇلۇغ بولۇشى كېرەك. يەنى ئەيسانىڭ رولىنى ئالغان كىشى چوقۇم ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرالىشى كېرەك».

شاف يەنە ھەم كۈچلۈك ھەم قايىل قىلارلىق سەۋەبنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئەيسا مەسىھنى ئالدامچى دەيدىغان كۆز قاراشقا رەددىيە بېرىدۇ: «قائىدە، ساۋات ۋە تەجرىبە بويىچە بىر ئالدامچى، بىر ساختىپەز، شەخسىيەتچى، ئەسكى ئادەم قانداقمۇ تارىختىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەمنىڭ رولىنى ئالالىسۇن؟ ئۇنداق ئادەم قانداقمۇ تەڭداشسىز رەھىم-شەپقەت ۋە يۈكسەك ئەخلاقنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقالىسۇن ۋە ئورۇندىيالىسۇن؟ شۇنداقلا زامانداشلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ كۈچلۈك بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلىرى ئاستىدا، بۇ پىلانلار ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلالىسۇن؟»

ئەگەر ئەيسا مەسىھ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىگىلىشىنى ۋە خۇدا دەپ ئىشىنىشىنى خالىسا، نېمە ئۈچۈن يەھۇدىيە دۆلىتىگە كېلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ مىسىرغا ياكى گرېتسىيىگە بارمايدۇ؟ ھېچ بولمىغاندا ئۇ يەردىكى خەلقلەر كۆپ خۇداغا چوقۇنىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار ھەقىقىي خۇداغا ئىشىنىدىغان بولسا، ئۇلاردا چوقۇم باشقىچە بىر ھالەت شەكىللەنگەن بولاتتى.

ئەيسا مەسىھتەك ھايات كەچۈرەلىگەن ۋە ئۇنىڭدەك تەلىم بېرەلىگەن ھەم ئۇنىڭدەك ئۆلگەن بىر ئادەمنىڭ ساراڭ بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا يەنە باشقا مۇمكىنچىلىكلەر توغرىسىدا ئويلىنىپ باقايلى.

## ئۇ ساراڭمۇ؟

ئەگەر ئالدىنقى مۇمكىنچىلىككە ئىشىنىش تەس بولسا، ئۇنىڭ راستىنلا خۇدا بولۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارمۇ ياكى ئۇ خاتالاشقانمۇ؟ بەلكىم سىز سەممىيدۇرسىز، بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خاتالىشىۋاتقان بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭ شۇ نۇقتا چوقۇم ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، بىر ئادەم ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىسا، بولۇپمۇ بىرلا خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان مەدەنىيەت شارائىتىدا، باشقىلارغا ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك تەقدىرىنىڭ ئۆزىگە تايىنىش ياكى تايانماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېيتسا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان بىر مەسىلە بولىدۇ؛ بۇنداق سۆزنى پەقەت ساراڭلارلا قىلالايدۇ دەپ ئېيتىلسا، ئۇنداقتا ئەيسا مەسىھ بىر ساراڭمۇ؟

ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغان ئادەم بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنى مەن ناپالىيون بولىمەن دەپ جاكارلىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇ چوقۇم ئازدۇرۇلغان ياكى ئۆز-ئۆزىنى ئالدايدىغان ئادەمدۇر. بۇنداق ئادەملەر باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ زەخىملىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، باشقىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. ھالبۇكى بىز ئەيسا مەسىھنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىنورماللىقنى ئەسلا تاپالمايمىز. ئەگەر راستىنلا ئۇنىڭدا چاتاق بولسا، ئۇنىڭ ناھايىتى تەبىئىي بولغان ئىپادىسى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

نويس ۋە كولب (Noyes and Kolb) ئۆزلىرىنىڭ تىببىي ساھەسىدىكى كىتابىدا روھى كېسەللەر ئويلايدىغان خام خىيال ئەمەلىيەتتىن كۆپ بولىدۇ، دەپ يازغانىدى. روھى كېسەللەر رېئاللىقتىن قېچىپ، رېئاللىققا يۈزلىنەلمەيدۇ. بىز قاراپ باقايلى، ئۆز ــئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتاش چوقۇم رېئاللىقتىن ئايرىلىشنىڭ بىر تۈرى بولىدۇ.

بىز ئەيسا مەسىھنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭ نېرۋىسىدىن چاتاق چىققان ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەيمىز. ئۇ تارىختا خاتىرىلەنگەن ئەڭ نادىر سۆزلەرنى قىلغان. ئۇنىڭ تەلىملىرى روھى جەھەتتە ئىسكەنجىدە قالغان نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازاد قىلغان. پىننوك (Clark H· Pinnock) مۇنداق سورايدۇ: «ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا خاتا ئىشىنىپ قالغانمۇ قانداق؟ ئۇ بىر تەلۋە ئادەممۇ؟ گۇناھسىز ئالدامچى شاگىرتمۇ؟ نېرۋىسىدىن چاتاق چىققان ئادەممۇ؟ ئۇنىڭ تەلىملىرىنىڭ ئىنچىكىلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىدىن قارىغان چېغىمىزدا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نېرۋىسىنىڭ پۈتۈنلەي جايىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بەلكىم بىزمۇ ئۇنىڭدەك نورمال ئەمەسمىز؟ «كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئىلگىرى ئۆزىنىڭ پسىخولوگىيە مۇئەللىمىنىڭ سىنىپتا مۇنداق دېگەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەنىدى: «ئۇنىڭ نۇرغۇن كېسەللەرگە تەلىم بېرىشتىكى ئۇسۇلى، پەقەتلا قولىغا مۇقەددەس كىتابنى ئېلىپ، مەسىھنىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر ئابزاسنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. مانا بۇ ئۇلار مۇھتاج بولغان نەرسىدۇر».

پسىخولوگىيە دوختۇرى فېشىر (J·T·Fisher) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىز خىزمەت ستاژى ئەڭ ئۇزۇن بولغان پسىخولوگلار ۋە پسىخولوگىيە دوختۇرلىرىنىڭ پسىخولوگىيە بىلىملىرىگە ئائىت ماقاللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغسىڭىز، ئەگەر سىز بۇ يىققان ماقالىلارنىڭ ئىچىدىن مېغىزىنى ئايرىۋېلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋەتسىڭىز، زامانىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بولغان شائىرلارنى تەكلىپ قىلىپ، بۇ بىلىملەرنى نەپىس تىل بىلەن ئىپادىلەتكۈزسىڭىز، بەلكىم قوپال ۋە مۇكەممەل بولمىغان تاغدا دېيىلگەن ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن. بۇلارنى ئەيسا مەسىھنىڭ تاغدا تەلىم بېرىپ، دېگەن سۆزلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، بۇ سۆزلەر ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان بولىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى ئىنسانلارنىڭ مۇھىم مەسىللىرىنىڭ جاۋابى بولغان بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قولىدا تۇتۇپ كەلگىلى ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشتى. بۇ يەردە...... مۇۋەپپەقىيەتلىك ھاياتقا كېرەكلىك بولغان ئۈمىدۋارلىق، ساغلام روھىي ھالەت ۋە قانائەتلىنىشنىڭ سىخىمىسى بار».

لېۋىس مۇنداق دەيدۇ: «ئېتىقادچىلارنىڭ ئاددىي چۈشەندۈرۈشىدىن باشقا ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلدا ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتىنى، سۆزلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى چۈشەندۈرۈش تارىخ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. ئەگەر ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئۆزى بولمىسا، ئۇنىڭ ساغلام ھەم چوڭقۇر ئېتىكا تەلىملىرى ۋە ئۇنىڭ تېئولوگىيىلىك تەلىملىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان باغلىنىشنى قانائەتلىنەرلىك چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىقادچى ئەمەسلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى

قىلچە نەتىجىسى بولمىغان قالايمىقانچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ» سىچاق مۇنداق دەيدۇ: «خۇددى كۆك ئاسماندەك سۈزۈك، تاغ شاماللىرىدەك ھەيۋەتلىك، پىچاق بىسىدەك ئۆتكۈر، پۈتۈنلەي ساغلام ۋە ئەقىل-پاراسەتكە تولغان، ناھايىتى تەبىئىيلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرغان بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ۋە يول-يورۇقلىرىغا نىسبەتەن مۇنداق ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا بۇ ئەرەب خەلىپىلىكىدىكى مىڭ بىر كېچە ھېكايىلىرى بولۇپ قالامدۇ؟

## ئۇ خۇدامۇ؟

شەخسەن مەن ئۆزۈم ئەيسا مەسىھنىڭ ئالدامچى ياكى ساراڭ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ھازىر قالغان بىردىن-بىر مۇمكىنچىلىك شۇكى، ئەيسا ھەقىقەتەن مەسىھتۇر. خۇددى ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك ئۇ خۇدانىڭ ئوغلىدۇر.

مەن ناھايىتى نۇرغۇن يەھۇدىيلار بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە پاراڭلاشقان ۋاقتىمدا، ئۇلارنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى قىزىقارلىق بولغانىدى. ئۇلار دائىم ماڭا ئەيسا مەسىھنى ئەخلاقلىق، دانا بولغان دىنىي رەھبەر، ياخشى ئادەم ۋە پەيغەمبەر دەپ تەرىپلىشىپ بەرگەنىدى. مەن ئۇلار بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ جاكارلىغان سالاھىيىتى ۋە «ئۈچ خىل مۇمكىنچىلىك» يەنى ساراڭ، ئالدامچى ياكى رەب قاراتلىقلار توغرىسىدا پاراڭلاشتىم. مەن ئۇلاردىن سىلەر ئەيسانىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىلەر دەپ سورىسام، ئۇلار ناھايىتى قەتئىي قىلىپ: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئاندىن مەن ئۇلاردىن: «سىلەر ئۇنىڭ ساراڭ ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىلەر؟» دەپ سورىسام، ئۇلارنىڭ جاۋابى «ئەلۋەتتە، ئۇ ساراڭ ئەمەس» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. مەن ئۇلاردىن: «سىلەر ئۇنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنەمسىلەر؟» دەپ سورىسام، مەن تېخى بىر قېتىم نەپەس ئالغىچىلىك بولغان ئارىلىقتىلا ئۇلار: «قەتئىي مۇمكىن ئەمەس» دەپ ناھايىتى تېزلا جاۋاب بېرىشتى. لېكىن بۇ يەردە مۇشۇ ئۈچ خىل تاللاش ئىمكانىيىتى بار.

بۇ 3 خىل تاللاشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىدە، چۈنكى بۇ ئۈچىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇ يەردىكى مەسىلە قايسىسى ئەمەلىيەتكە بەكرەك يېقىنلىشىدۇ دېگەن مەسىلىدۇر. ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا قارار چىقىرىش ئىشى يوق ئادەمنىڭ ئىشلەش ئۈچۈن تېپىپ كەلگەن تەبىئىي پەن مەشقلىرى ئەمەس. سىز ئۇنى ئۇلۇغ ئېتىكا مۇئەللىمى دەپلا قويسىڭىز بولمايدۇ. مۇنداق تاللاش يۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئۇ چوقۇم ياكى ئالدامچى، ياكى ساراڭ، ياكى خۇدانىڭ ئۆزى بولۇشى كېرەك. سىز چوقۇم بولارنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللىۋېلىشىڭىز لازىم. خۇددى ئەلچى يۇھاننا يازغاندەك: «بۇ خاتىرىلەر سىلەرنى ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھ، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسۇن ھەم بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا باغلىنىپ ھاياتلىققا ئېرىشسۇن دەپ يېزىلدى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20-باب، 31- ئايەت).

ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى تەرەپتىكى پاكىتلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى قوللايدۇ. لېكىن بەزى ئادەملەر ئەخلاق مەنىسىگە ئېسىلىۋېلىپ، ناھايىتى ئېنىق بولغان بۇ پاكىتنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەيسا مەسىھنى خۇدا دەپ تونۇشنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەنىسىگە يۈزلىنىشنى خالىمايۋاتىدۇ.

# 3- باب

## ئۇنداقتا ئىلىم-پەن قانداق قارايدۇ؟

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشتىن قېچىپ، ئىلىم –پەن بىلەن ئىساپاتلىغىلى بولمايدىغان شەيئىيلەرنىڭ ھەممىسى يالغان، قوبۇل قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. ئىلىم –پەن ئارقىلىق ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدالىق خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ تىرىلىشىنى ھېچكىم ئىسپاتلىيالمىغانىكەن، ئۇنداقتا 20-ئەسىردىكى ئادەملەر مەسىھنى قۇتقۇزغۇچىم ياكى ئۇنى ھەقىقىي تىرىلگەن دەپ ئىشەنمىسىمۇ بولىدۇ دېيىشمەكتە.

پەلسەپە ۋە تارىخ دەرسلىرىدە مەن دائىم مۇنداق سوئاللارغا دۇچ كېلەتتىم. يەنى «سىز ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئىسپاتلىيالامسىز؟» مۇنداق سوئاللارغا مەن: «ياق، مەن ئالىم ئەمەس» دەپ جاۋاب بېرەتتىم. بەزىلەر كۈلۈشۈپ كېتەتتى، يەنە بەزىلەر: «ئەمىسە ئارتۇق گەپ قىلماڭ» ياكى «قاراڭ، ئىشەنچىڭىز ئارقىلىق قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك» دېيىشەتتى (بۇ سۆز ئەلۋەتتە قارىغۇلارچە ئىشىنىشكە نىسبەتەن ئېيتىلغان).

يېقىندا مەن بوستونغا بېرىش سەپىرىمدە، يېنىمدا ئولتۇرغان ئادەم بىلەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىم توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدىم. شوپۇر سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ: «سىز بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىسىز» دېدى. مەن: «قانداق مەسىلە؟» دەپ سورىسام،ئۇ جاۋاب بېرىپ: «سىز ئۇنى ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئىسپاتلىيالمايسىز» دەپ جاۋاب بەردى.

ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نۇرغۇن ئادەملەر ئەگەر سىز ئىشنى ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئىسپاتلىيالمىسىڭىز ئۇ يالغان دەپ قارايدۇ. بۇ قانداقلارچە پەيدا بولۇپ قالغان ئىدىيەكى مەن ھېچ بىلەلمىدىم. لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بىز

تارىختىكى مۇھىم ئادەم ياكى مۇھىم بولغان ۋەقەلەرنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندا، بىر مۇھىم مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز. يەنى بىز چوقۇم ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۇسۇلى بىلەن: «قانۇنىي ۋە تارىخىي ئىسپاتلاش ئۇسۇلى» (Legal-historical proof)نىڭ پەرقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

«ئىلىم-پەن ئۇسۇلىدا مەيلى بىز ئۇنىڭغا قانداق ئېنىقلىما بەرمەيلى ھەممىسى ھادىسىنى ئۆلچەش ھەمدە تەجرىبە قىلىش ياكى تەكرار كۆزىتىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ». ھارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى دوكتۇر كونانت (Dr· James B·Conant): «ئىلىم-پەن بولسا بىر قاتار بىر بىرىگە مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراش ۋە كۆز قاراش تۇسىنى ئالغان لايىھىلەر بولۇپ، تەجرىبە ۋە كۆزىتىش نەتىجىسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى تەجرىبە ۋە كۆزىتىش ئۈچۈن ياردىمى چوڭ بولىدۇ» دەپ يازغاندى.

تېزگىنلىگىلى بولىدىغان تەجرىبە ئارقىلىق مەلۇم بىر پەرەزنىڭ توغرىلىقىنى سىناق قىلىش، ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن ئۇسۇلىنىڭ بىر ئاچقۇچى. بىر ئادەم مۇنداق دەيدۇ: «پىل چىشى سوپۇنى لەيلىمەيدۇ». مەن ئۇ ئادەم بىلەن بىللە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، 82·7 گرادۇسلۇق سۇنى كۈپقا قويۇپ، ئاندىن سوپۇننى ئۇنىڭ ئىچىگە سالدۇق ھەمدە بۇنى كۆزىتىپ، خاتىرە يېزىپ قالدۇردۇق. بۇپەرەز تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. پىل چىشى سوپۇنى لەيلەيدىكەن.

ئەگەر ئىلىم-پەن ئۇسۇلى شەيئىيلەرنى ئىسپاتلاشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى بولسا، سىز بۈگۈن ئەتىگەندە بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە قاتناشقانلىقىڭىزنى، چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز قالىسىز. سىز ئۆزىڭىز كونترول قىلالايدىغان تەجرىبە ئارقىلىق ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى قايتىيالمايسىز.

قانۇنىي ۋە تارىخىي ئىسپاتلاش ئارقىلىق مەلۇم بىر شەيئىينىڭ گۇمانسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا بۇ خىل ئۇسۇلدا پاكىتلارنىڭ سالمىقى ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىلىپ، بۇ يەكۈننىڭ ھەقىقەتەن گۇمانسىز ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن پرىنسىپ بويىچە خۇلاسىلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا 3 تۈرلۈك پاكىت ئاساس قىلىنىدۇ. يەنى ئاغزاكى پاكىت، خاتىرە قالدۇرۇلغان پاكىت ۋە ماددىي پاكىت(تاپانچا، ئوق، خاتىرە قاتارلىق). ئەگەر سىز بۇ ئۇسۇلنى ئىشلىتىدىغان بولسىڭىز، سىز بۈگۈن ئەتىگەندە دەرسكە قاتناشقانلىقىڭىزنى تولۇق پاكىتى بىلەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيسىز. يەنى سىزنى چوقۇم دوستلىرىڭىز كۆرىدۇ. سىزنىڭ قالدۇرغان لېكسىيىڭىز بولىدۇ، مۇئەللىمىڭىزمۇ سىزنى ئەستە تۇتۇۋالغان بولىدۇ.

ئىلىم-پەن ئۇسۇلىدا پەقەتلا تەكرارلىغىلى بولىدىغان شەيئىيلەرنىلا ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. لېكىن تارىخىي شەخسلەرنى ۋە ئىشلارنى ئىسپاتلاشقا ياكى ئىنكار قىلىشقا يېتەرلىك پاكىت كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن: تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئىلىم –پەن ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىسپاتلاش مۇۋاپىق كەلمەيدۇ: «ۋاشىگتون دېگەن ئادەم ئۆتكەنمۇ؟»، «مارتىن لۇتەر كىڭ مىللىي ھوقۇق رەھبىرى بولغانمۇ؟»، «ناسىرەلىك ئەيسا

كىم؟»، «روبېرت كەنىدى (Robert Kennedy) ئامېرىكىنىڭ تەپتىشى بولغانمۇ؟»، «ئەيسا مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنمۇ ياكى تىرىلمىگەنمۇ؟» دېگەن مەسىلىلەر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلىم –پەن ئارقىلىق ئىسپاتلاش كاتېگورىيىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، بىز بۇلارنى چوقۇم قانۇنىي ۋە تارىخىي ئىسپاتلاش كاتېگورىيەسىنىڭ ئىچىگە تىزىشىمىز لازىم. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش، پەرەز قىلىش، خۇلاسىلەش ھەمدە تەجرىبە قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان ئىلىم–پەن ئۇسۇلى ئارقىلىق «ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايمىزمۇ يوق؟»، «ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايمىزمۇ يوق؟» دېگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. كىشىلەر قانۇنىي ۋە تارىخىي ئۇسۇلنى ئىشلەتكەندە، ئۇلار پاكىتلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈشكە مۇھتاج بولىدۇ.

بىر ئىش بەكمۇ قىزىقارلىقتۇر. يەنى ئېتىقادچىلارنىڭ ئېتىقادى ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ئېتىقاد بولماستىن، بەلكى ئەقىل-ئىدراكقا تولغان بولىدۇ. مۇقەددەس كىتاب بىلەن بېرەلەيدىغان ئىشەنچ ئەقىل-ئىدراكقا تولۇپ تاشقان ئىشەنچىدۇر. ئەيسا مەسىھ «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» نىڭ 8-بابىدا «سىلەر ھەقىقەتنى بىلىشىڭلار كېرەك» دەيدۇ. ھەقىقەتكە سەل قاراشقا بولمايدۇ. بەزىلەر: «ئەڭ چوڭ بۇيرۇق نېمە؟» دەپ سورىغاندا، ئەيسا مەسىھ: «خۇدايىڭ بولغان رەبنى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ، پۈتۈن كۈچۈڭ ۋە پۈتۈن جېنىڭ بىلەن سۆي» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەردىكى مەسىلە شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى بەك چەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەيسا مەسىھكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەقىقەتلەر ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە كىرەلمەيدۇ. خۇدا بىزگە مۇقەددەس روھ بىلەن يېڭىلانغان ئوي-پىكرنى ئاتا قىلىپ، ئۆزىنى تونۇتقۇزىدۇ ھەم ئۆزىنى سۆيىدىغان قەلبنى بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى تاللاتقۇزىدۇ. بىز چوقۇم مۇشۇ تەرەپلەردە خۇدا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىز، ھەمدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆز رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قانداق كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. لېكىن مېنىڭ يۈرىكىم ۋە مېنىڭ ئوي–پىكرىم رەت قىلغان ئىشلارنى خالىمايدۇ. مېنىڭ يۈرىكىم بىلەن ئوي-پىكرىم يارىتىلغان چاغدىلا بىر–بىرى بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى رەببىم دەپ تونۇغان ئادەم ئەزەلدىن ئەقىل-ئىدراك جەھەتتە ئۆز-ئۆزىنى ئۆلتۈرمەيدۇ.

تۆۋەندىكى تۆتىنچى بابتا بىز بەزى قول يازمىلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ھەمدە ئەيساغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاغزاكى ئىقرار ۋە گۇۋاھلىقلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا كۆرۈپ ئۆتىمىز.

# 4- باب

## مۇقەددەس كىتابتىكى خاتىرىلەر ئىشەنچلىكمۇ؟

ئىنجىل بىزنى ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، 19–ئەسىردىن 20–ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان نۇرغۇن ئادەملەر مۇقەددەس كىتاب قول يازمىلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن تەنقىد ۋە ھۇجۇملارنى ئېلىپ بارغانىدى. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ، توختىماستىن شىكايەت ۋە ھۇجۇملار بولۇپ تۇردى. لېكىن ئۇلار قىلچىمۇ ئاساس تاپالمىغانىدى. شۇنداق بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ كۆز قارشى ھازىرقى ئارخېئولوگىيە ۋە تەتقىقاتەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان بولار ئىدى. ئارىزونا شتاتىدىكى شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس بېرىۋاتقان چېغىمدا، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر پروفېسسور «خالىغانچە پىكىر قىلىش» دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ: «ماكدوۋېل ئەپەندى، سىز سۆزلىگەن مەسىھكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى مىلادىدىن كېيىنكى 2– ئەسىردە خاتىرىلەنگەن كونا ئاتام زامانىدىكى ماتېرىيال كىتابىدۇر. بۈگۈنكى دەرسىمدە مەن ئىنجىل بەك كېيىن يېزىلغاچقا، ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەر ئەسلا توغرا ئەمەس دەپ چۈشەندۈردۈم» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «سىزنىڭ ئىنجىلغا بولغان چۈشەنچىڭىز ئاز دېگەندىمۇ 25 يىل ئارقىدا قاپتۇ» دېدىم.

ئۇ پروفېسسورنىڭ ئەيسا مەسىھكە مۇناسىۋەتلىك بولغان خاتىرىلەرگە نىسبەتەن بۇنداق پىكىردە بولۇشىنىڭ مەنبەسى بىر گىرمانىيىلىك باھا بېرىش مۇتەخەسسىسى باۋۇرنىڭ (F.C. Baur) خۇلاسىسىگە ئاساسلانغان. باۋۇر ئىنجىلدىكى كۆپ قىسىم كىتابلار مىلادىدىن كېيىنكى 2– ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان دەپ پەرەز قىلغان بولغاچقا، بۇ ئەسەرلەر ئەيسا مەسىھتىن كېيىن ھەمدە خاتىرىلەشتىن ئىلگىركى ئۇزاق ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رىۋايەتلەشتۈرۈلۈپ يېزىلغان دېگەن كۆز قاراشتا بولغان.

ھالبۇكى 20– ئەسىرگە كەلگەندە، ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ بايقىشى ئىنجىلدىكى قول يازمىلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دەسلەپكى دەۋردىكى قول يازمىلارنىڭ بايقىلىشى [جون رايلاند (John Ryland) قول يازمىسى (رەبتىن كېيىنكى 130-يىلى يېزىلغان)، چېستې بىتتىي (Chester Beatty) يېكەن قەغەز توپلىمى (پاپىرۇس، رەبتىن كېيىنكى 155– يىلى يېزىلغان، ھەمدە پوتمان يېكەن قەغەز توپلىمى (رەبتىن كېيىنكى 200– يىلى يېزىلغان)] ھەزرىتى ئەيسا ياشىغان دەۋر بىلەن كېيىنكى دەۋردىكى قول يازمىلارنى بىر –بىرىگە باغلىدى.

ياله (Yale) ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بۇرروس (Burrows) مۇنداق دەيدۇ: «گرېك تىلىدىكى ئىنجىل خاتىرىلىرىنى يېڭەن قەغىزىدىكى خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندىكى يەنە بىر خۇلاسە شۇكى، بۇ مېنىڭ ئىنجىلنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ توغرا تارقالغانلىقىغا بولغان ئىشەنچەمنى تېخىمۇ ئاشۇردى» مۇنداق بايقاش ئىلىم-پەن جەھەتتىن ئېيتقاندا، مۇقەددەس كىتابنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

دۇنيا مۇقەددەس كىتاب ئارخېئولوگىيىسىگە ئاساس سالغۇچى ئالبېر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز جەزىملەشتۈرۈپ ئېيتالايمىزكى، ئىنجىلدىكى ھەرقانداق بىر جىلتىنى رەبتىن كېيىنكى 80- يىلدىن كېيىن يېزىلغان دەپ ئىسپاتلايدىغانغا ھېچقانداق ئاساس يوق. بۇ ئىنجىل توغرىسىدىكى قەتئىي بولغان رادىكال تەنقىدچىلىرى تەمىنلىگەن ۋاقىتتىن ئىككى ئەۋلاد ئالدىدا بولغان» بۈگۈنكى مەشھۇر ژورناللارنىڭ مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «مەن ئىنجىلدىكى ھەر بىر جىلتىنى سۈغا چۈمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغان يەھۇدىيلارنىڭ رەبتىن كېيىنكى 40-80 ئارىلىقىغا (رەبتىن كېيىنكى 50-75 يىلغىچە بولۇش ئېھتىماللىقى چوڭراق) يېزىپ پۈتكۈزۈپ بولغان دەپ قارايمەن» دەپ تەكىتلىگەنىدى.

ۋېلىيام رامساي (William Ramsay) ئەڭ ئۇلۇغ ئارخېئولوگ دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئادەملەرنىڭ بىرى. ئۇ ئىلگىرى گېرمانىيىدىكى تارىخىي تەنقىدىزىمچىلەر گۇرۇھىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى رەبتىن كېيىنكى 2- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان، ھەرگىزمۇ رەبتىن كېيىنكى 1- ئەسىردە يېزىلغان ئەمەس دەپ قارايتتى. ئۇ ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە بەرگەن تەنقىدىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇ بۇنى ھەرگىزمۇ رەبتىن كېيىنكى 50- يىلدىكى ئەمەلىيەت ئەمەس دەپ ئىشىنەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ بۇ ئىشلارنى تارىخچىلار ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىچىك ئاسىيانىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغان چېغىدا، ئىنجىلنىڭ خاتىرىلىنىشىگە ئانچە بەك ئەھمىيەت بەرمىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تەتقىقات جەريانىدا لۇقانىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. ئۇ تارىختىكى پارچە -پۇرات قائىدە پرىنسىپلارنىڭ توغرىلىقىنى بايقىغان چېغىدا، ئۇنىڭ ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئەمەلىيەت ئۇنىڭغا «لۇقانىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك تارىخشۇناس ئىكەنلىكىنى..... ئۇنىڭ چوقۇم ئەڭ ئۇلۇغ تارىخشۇناسلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەكلىكىنى» ئېتىراپ قىلدۇردى. چۈنكى ئۇ ئەڭ ئىنچىكە بولغان جايلارنى ئەڭ توغرا دەرىجىدە خاتىرىلەپ قالدۇرغانىدى. رامساي ئاخىرىدا يەنە ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى 2- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان ئەسەر ئىكەنلىكى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئۇ چوقۇم 1- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان ئەسەر دەپ ئېتىراپ قىلدى.

نۇرغۇنلىغان ئەركىنلىك تەرەپدارلىرى تەتقىقاتچىلىرى ئىنجىلنى زورمۇ-زور بۇرۇن يېزىلغان ئەسەر دەپ تەھلىل قىلىشىدۇ. دوكتۇر روبىنسۇن بۇ توغرىسىدا ئۆزىنىڭ يېڭى

كىتابى «ئىنجىل يېزىلغان ۋاقىتنى قايتا مۆلچەرلەش»تە كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك خۇلاسىنى چىقارغان. تەتقىقات نەتىجىسىدىن ئۇ ئىنجىلدىكى بارلىق جىلتلەر 70–يىلدىن بۇرۇن يېرۇسالېم ۋەيران بولماستا يېزىلىپ بولغان دەپ ئىشەنگەن.

تاكى ھازىرغىچە، فورمال تەنقىدچىلەر ئۇ ماتېرىياللار خۇش خەۋەر كىتابى بولۇپ يېزىلىشتىن بۇرۇن، پەقەت ئېغىزدىن–ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كەلگەن دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇردىكى ۋاقىت گەرچە ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئىشەنگىنىگە قارىغاندا قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خۇش خەۋەر كىتابلىرىنىڭ خاتىرىسى پەقەتلا مىللىي ئەدەبىيات–سەنئەت (ئەپسانە، ھېكايە، رىۋايەت ۋە مەسەل) دەپ قارايدۇ.

فورمال تەنقىدچىلەر تەرەپدارلىرىنىڭ ئاتالمىش ئاغزاكى بايان قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن، بىرنەچچە قارشى تەنقىدلەرمۇ مەيدانغا چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئاغزاكى بايان قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش ئەنئەنىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىغا قەتئىي يول يوق دەپ قارايدۇ. ئىنجىلنىڭ تامام بولۇشىغا كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ قىسقا بولىدىغانلىقىغا نىسبەتەن دورت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇقەددەس كىتاب پروفېسسورى سىمۇن كىستىماكىر (Simon Kistemaker) مۇنداق دەيدۇ: «ئادەتتىكى ئەھۋالدا، قەدىمكى مىللىي مەدەنىيەتتە ئەل ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەسىرلەر كېتىدۇ. لېكىن فورمال تەنقىد ئىلمىنىڭ قارشى بويىچە قارىغاندا، بىز چوقۇم خۇش خەۋەر كىتابلىرىنىڭ ماتېرىيال توپلاملىرى ۋە يېزىلىپ پۈتكەن ۋاقتىنى بىر ئەۋلاد ئىچىدە ئورۇندىلىنىپ بولغان دەپ ھۆكۈم چىقىرىمىز. فورمال تەنقىد ئىلمىنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا خۇش خەۋەر كىتابلىرىنىڭ شەكىللىنىشى چوقۇم سۈرئەتنى تېزلىتىپ ئورۇندالغان ھەرىكەتنىڭ ئورتاق پىلانى ھېسابلىنىدۇ».

دۇبلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق بىئولوگىيە پروفېسسورى مكنىل (McNeile) ئىلگىرى فورمال تەنقىدچىلەرنىڭ ئاغزاكى بايان قىلىش ئەنئەنىسى ئۇقۇمىغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ فورمال تەنقىدچىلىرىنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىنىڭ ساقلىنىشىغا نەزەر تاشلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن. ئەگەر سىز «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 7-باب، 10-، 12- ۋې 25-ئايەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇسىڭىز، بۇ تەلىملەرنىڭ ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن ساقلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەم بۇنىڭدا ساپ ئەنئەنە پۈرىقى بار. شاگىرتنىڭ ئۆز ئۇستازىنىڭ تەلىملىرىنى يادقا بىلىۋېلىشى يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي ئەنئەنىسىدە ئادەتتىكى بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. بىر خەتنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي ئەستە قالدۇرغىنى ياخشى ئوقۇغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز بۇرنېينىڭ نەزەرىيىسىگە ئىشەنسەك كۆپ قىسىم تەلىملەرنىڭ ئەستە ساقلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئارامىي يېزىقىدا شېئىر شەكلىدە خاتىرىلەنگەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. غەربىي مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مايىر (Paul L. Maier) مۇنداق يازىدۇ: «ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئاندىن تىرىلىش بايرىمى رىۋايىتىنى توقۇپ چىقارغان ياكى ئىش يۈز بېرىپ ئۇزۇن

يىللاردىن كېيىن ئاندىن خاتىرىلەنگەن دېگەن كۆز قاراشلار ئەمەلىيەتكە ئەسلا ماس كەلمەيدۇ» پروفېسسور ئالبرايت (Albright) فورمال تەنقىد ئىلمىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن مۇنداق يازىدۇ: «پەقەت مۇشۇ زاماندىكى تارىخ ئىلمىي ئۇسۇلىنى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ يېقىنقى زامان ئىلمىنى ياخشى چۈشەنمىگەن ئادەملەرلا فورمال تەنقىدچىلەرنىڭ خۇش خەۋەرنىڭ ئەنئەنىسىگە نىسبەتەن ئېيتقان سەپسەتىلىرىدەك سۆزلەيدۇ» ئالبرايت: «ئاساسى مەزمۇنغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ھەتتا ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئۈچۈن 20-50 يىلغىچە بولغان ۋاقىت بەكمۇ يېتەرسىز بولىدۇ» دەپ خۇلاسە چىقارغاندى.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا مەن باشقىلار بىلەن مۇقەددەس كىتاب توغرىسىدا پاراڭلاشقان چېغىمدا، ئۇلار دائىم مۇقەددەس كىتاب ئىشەنچلىك ئەمەس، دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇ ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن يېزىلغان بولغاچقا ئۇنىڭ ئىچىدە خاتالىق ۋە زىدىيەتلەر تولۇپ كەتكەن دېيىشىدۇ. مەن بۇنداق كىشىلەرگە: «مەن مۇقەددەس كىتابقا قەتئىي ئىشىنىمەن» دەپ جاۋاب بېرىمەن. ئاندىن مەن ئۇلارغا بىر قېتىملىق تارىخ دەرسىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەسۋىرلەپ بېرىمەن. ئۇ چاغدا مەن مۇقەددەس كىتابنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پاكىتلار، ھەرقانداق ئۇن كىلاسسىك ئەسەرنى بىرلەشتۈرگەندىنمۇ كۆپ، دەپ جاكارلىغانىدىم. تام تەرەپتە ئولتۇرغان بىر پروفېسسۇر بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى: «قويۇڭە بۇ سۆزلىرىڭىزنى» دېمەكچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭغا: «سىز نېمىگە كۈلىسىز؟» دېدىم. ئۇ: «سىز تارىخ دەرسىنى ئۆتۈۋېتىپ تۇرۇپ، مۇقەددەس كىتاب ئىشەنچلىك دەپ سۆزلىسىڭىز بەك كۈلكىلىك تۇيۇلىدىكەن» دەپ جاۋاب بەردى. مەن باشقىلارنىڭ مەندىن مۇشۇنداق سوئاللارنى سورىشىنى بەك ياقتۇرىمەن. چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندا مەنمۇ قارشى تەرەپكە ئۇلاپلا سوئال سورىيالايمەن (لېكىن ئەزەلدىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشىپ باقمىدىم) مەن: «ئەپەندىم بىر تارىخشۇناس بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن سىز قانداق قىلىپ مەلۇم تارىخىي ئەسەرنىڭ توغرا ياكى ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى قارار قىلىسىز؟» دەپ سورىدىم. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئامالى يوق ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا: «مەندە بەزى ئامالالار بار» دېدىم. مەن مۇقەددەس كىتابنىڭ تارىخىي جەھەتتىن توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى باشقا تارىخىي ھۆججەتلەرنى تەكشۈرگەندە قوللىنىدىغان ئامالالار بىلەن ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. تارىخشۇناس ساندېرس (C· Sanders) تارىخنى ئېنىقلاشنىڭ مۇنداق ئۈچ پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم چۈشەندۈرگەن. بۇلار: «بىبلىئوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش، ئىچكى ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈش ۋە تاشقى ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈش»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## بىبلىوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش

بۇ خىل تەكشۈرۈش بولسا، بارلىق ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ يەتكۈزۈلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئەسلى نۇسخىسى يوق ئەھۋال ئاستىدا قول يازمىنىڭ سانى ۋە ئەسلى نۇسخا بىلەن قول يازما ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت پەرقى بويىچە قولىمىزدىكى ماتېرىياللىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ئىنجىل قول يازمىلىرىنىڭ سانى بىلەن باشقا داڭلىق كىلاسسىك ئەسەرلەرنى سېلىشتۇردىغان بولساق، بىز دەرھال ئىنجىل قول يازمىلىرىنىڭ مۇكەممەل ۋە نوپۇزلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

بىز مىلادىدىن كېيىنكى 900– يىلى يېزىلغان سەككىز دانە قول يازمىنىڭ ئىچىدىن تېسىدىدېس (Thucydides)(بۇ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 460دىن 400–يىلغىچە)نىڭ تارىخىي قول يازمىلىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت پەرقى تەخمىنەن 1300 يىل ئەتراپىدا بولغان. شۇنداقلا خېردودىسنىڭ (Herodotus) تارىخىي قول يازمىسىمۇ ئوخشاشلا كېچىكىپ يېزىلغان. نۇسخىسىمۇ ئاز بولۇپ، خۇددى برۇس (F·F· Bruce) ئېيتقاندەك: «ھېچ قانداق كىلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغۇچى بۇ ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىسىنىڭ ئازلىقى ۋە ۋاقىت پەرقىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىن 1300 يىل كېيىن يېزىلغانلىق سەۋەبىدىن بۇ ئەسەرلەرنى ئىشەنچىسىز دەپ گۇمان قىلىپ باقمىغان»

ئارىستوتىل تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 343– يىلى ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرىنى تاماملىغان. لېكىن بىز تاپلىغان ئەڭ دەسلەپكى قول يازما ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق 1400 يىل ئەتراپىدا بولغان. ھازىر پەقەت بەشلا كۆچۈرۈلمە نۇسخا ساقلانماقتا.

پادىشاھ قەيسەرنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 58– يىلدىن 50– يىلغىچە ئارىلىقتا يېزىپ قالدۇرغان «گەنلىكتىكى جەڭ» دېگەن ئەسىرىنى ئالىدىغان بولساق بۇ ئەسەرنىڭ نوپۇزى پەقەت قەيسەر ۋاپات بولۇپ مىڭ يىلدىن كېيىن كۆچۈرۈلگەن 9 ياكى 10 دانە كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىغا مۇجەسسەملەشكەن.

بىز مۇقەددەس كىتابنىڭ قول يازمىلىرىغا قارايدىغان بولساق، بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە باشقا ماتېرىياللارنى خىجەلەتچىلىكتە قالدۇرىدۇ. مەسىھ زامانىدىكى ۋە 2– ئەسىردە خاتىرىلەنگەن پاپىروستىن باشقا، بىز يەنە زور مىقتاردىكى باشقا قول يازمىلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. ھازىرغىچە ساقلانغان مۇقەددەس كىتاب توغرۇلۇق قول يازمىلار ئىككى تۈمەندىن ئاشىدۇ. مەشھۇر گرېك داستانى ئىلىئادانىڭ 643 پارچە قول يازمىسى بار. بۇ قول يازمىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ كۆپلىكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىنجىلدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

قول يازمىلارنى تەكشۈرۈپ باھالاشتا نوپۇزلۇق خادىم ھېسابلىنىدىغان ئەنگلىيە مۇزېيىنىڭ باش نازارەتچىسى قوشۇمچە كۇتۇپخانە باشلىقى كېيىۇن ئەپەندى (Kenyon)

مۇنداق دەيدۇ: «...... ئەسلى نۇسخا بىلەن كۆچۈرۈلمە نۇسخا ۋاقىت جەھەتتىن قانچە يېقىن بولسا، ئۇنىڭدىن مەسىلە چىقمايدۇ؛ مۇقەددەس كىتابنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا سادىق بولغان ياكى بولمىغانلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشىمىز ھاجەتسىز. بىز ئىنجىلنىڭ توغرىلىقى ۋە مۇكەممەللىكى ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ بولغان دەپ قارايمىز».

گرېك تىلىنى تەتقىق قىلغۇچى گرېنلى (Greenlee) تولۇقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ساندىكى مۇتەخەسسىسلەر گەرچە نۇرغۇن كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قول يازمىلىرى بىلەن ئەسلى نۇسخىسىنىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن ھەمدە ئۇلارنىڭ سانى ئاز ۋە پاكىتلىرى چەكلىك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان يەردە، ئىنجىلنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ماس ھالدا ئىسپاتلاشقا بولىدۇ».

ئىنجىل توغرىسىدىكى بىبلىئوگراپىيىلىك تەكشۈرۈش بىزگە شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى كۆچۈرۈلمە نۇسخا جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ھەرقانداق قەدىمكى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن بەكرەك نوپۇزغا ئىگە. بۇنىڭغا يەتتە يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئىنجىلنىڭ مەزمۇنلىرىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشنى قوشقاندا، ئىنجىلنىڭ مەزمۇنلىرىنى شەرتسىز ئىشەنچلىك دەپ بەلگىلەندى.

## ئىچكى ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈش

بىبلىئوگراپىيىلىك تەكشۈرۈشتە، پەقەتلا قولىمىزدا بار بولغان نۇسخىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلىدۇ. بىز يەنىلا ئۇنىڭ ئىچىدىكى خاتىرىلەرنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى بەلگىلەشكە ھەمدە ئىشەنچلىك دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشكە مۇھتاج بولىمىز. مانا بۇ مەسىلىلەرنى دەل ئىچكى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى تەتقىق قىلىدۇ. يەنى بۇ ساندېرس ئوتتۇرىغا قويغان ئىككىنچى تارىخىي خاراكتېر تەكشۈرۈشتۇر.

بۇ نۇقتىغا نىسبەتەن ئەدەبىي تەنقىدچىلەر يەنىلا ئارىستوتىلنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. يەنى: «پەقەت ھۆججەتنىڭ ئۆزىدىكى گۇمانلا قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ تەنقىدچىلەرنىڭ پەرەز قىلىشىغا باغلىنىشلىق ئەمەس» باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەسىلەن، مونتگومېرى (John W· Montgomery) خۇلاسىلەپ ئېيتقاندەك: «بىز چوقۇم تەھلىل قىلىۋاتقان ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر ئاپتورى ئۆز-ئۆزى بىلەن زىددىيەتلەشمىسە ياكى يازغانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاندىن باشقا ئەھۋال كۆرۈلمىسە، بىز ئۆزىمىزنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۇنىڭدا ئۇيدۇرۇلۇپ چىقىرىلغان جاي ياكى خاتالىقلار بار دەپ پەرەز قىلساق بولمايدۇ».

چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلگىركى تارىخ ئىلمىي دوكتورى گوتسچاك (Gottschalk) تارىخىي تەكشۈرۈش ئۇسۇلى تارىخنى تەتقىق قىلغۇچىلار تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلغان. ئۇ: «ئەگەر ئاپتور ياكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆز ئاغزى بىلەن

ئەينەن ئېيتىپ بېرەلىسە، بۇنىڭ تارىخشۇناسلارنىڭ مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىگە باھا بېرىشىگە نىسبەتەن ياردىمى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. مەيلى بۇ ماتېرىيال زوراۋانلىق ياكى ئالدامچىلىق ۋاستىلىرى ئارقىلىق قولغا چۈشۈرۈلگەن بولسۇن ياكى باشقا گۇمانلىق تەرەپلىرى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدا سۆز-چۆچەكلەر يېزىلغان بولسۇن ياكى ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەمدىن كەلگەن بولسۇن ھەممىسىنىڭ ياردىمى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

بۇ خىل «ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلىش قابىلىيىتى» ۋە گۇۋاھچىلار خاتىرىلىگەن ۋەقە بىلەن جۇغراپىيە ۋە ۋاقىت جەھەتتە ناھايىتى زىچ باغلىنىشتا بولغان. ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتى ۋە تەلىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن قالدۇرغان خاتىرىلىرى ياكى بىۋاستە ھالدا نەق مەيداندا بار بولغان گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرىگە ئاساسەن يېزىلغاندۇر.

«لوقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1-باب، 1-ئايەتتىن 3-ئايەتكىچە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھۆرمەتلىك تېئوفىلوس، سىزگە مەلۇمكى نۇرغۇن كىشىلەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئارىمىزدا قىلغان ئىشلىرىنى قىلىشقا كىرىشكەنىدى. ئۇلار خاتىرىلەشتە، بۇ ئىشلارنى باشتىن -ئاخىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، خۇش خەۋەر تارقاتقانلارنىڭ بايانلىرىنى ئاساس قىلغان. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشتىن تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىققانلىقىم ئۈچۈن، شۇلارنى تەرتىپ بويىچە يېزىپ، سىزگە مەلۇم قىلىشنى لايىق تاپتىم»

«پېترۇس يازغان ئىككىنچى خەت» 1- باب، 16- ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز ئەلچىلەر سىلەرگە ئۇقتۇرغان رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرەت بىلەن قايتا كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى ھەرگىزمۇ ئۆزىمىز ئويدۇرۇپ چىقمىدۇق. بىز ئەيسا مەسىھنىڭ شان-شۆھرىتىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەنمىز».

«يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 1-باب، 3- ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «دەرۋەقە، سىلەرنىمۇ بىز بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولسۇن دەپ، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنى سىلەرگە يەتكۈزىمىز. بۇ مۇناسىۋىتىمىز ئەرشتىكى ئاتىمىز ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھ بىلەندۇر». بۇ تەرجىمە «مۇقەددەس كىتابتىن تاللانمىلار»دىن ئېلىنمىغان!

«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 19-باب، 35- ئايەتتە مۇنداق دېيىلدۇ: «سىلەرنى ئىشەنسۇن دەپ، ئۇنى كۆرگۈچى گۇۋاھلىق بەردى. ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى ھەقتۇر. كۆرگۈچى ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ»

«لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 1- ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «رىم پادىشاھى تىبېرىيۇسنىڭ 15- يىلى خۇدادىن چۆلدە ياشاۋاتقان زەكەرىيانىڭ ئوغلى يەھياغا ۋەھيي كەلدى. شۇ چاغدا يەھۇدىيە ئۆلكىسىدە پونتىي پىلاتۇس ۋالىي ئىدى. ھىرود خان جەلىلىيە ئۆلكىسىدە، ھىرود خاننىڭ ئىنىسى فىلىپ خان ئىتۇرىيە-تراخونىتىس ئۆلكىسىدە، لىسانىياس خان ئابىلىنىي ئۆلكىسىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى. ھاننان بىلەن قاياپا باش روھانىي ئىدى»

قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ يېقىنلىششى دەل ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى ئىسپاتلاشتىكى ئەڭ ئېسىل قورال. ھالبۇكى تارىخشۇناسلار يەنە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا گۇۋاھلىق بەرگەن ياكى ئۇنداق قىلمىغانلىقىنى تەكشۈرگەن.

ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھكە مۇناسىۋەتلىك بولغان خاتىرىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياشىغان ئادەملەر تېخى ھايات ۋاقتىدا، ئاللىقاچان تارقىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ ئادەملەر ئەلۋەتتە خاتىرىلەرنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ ياكى ئۇنى ئىنكار قىلالايدۇ. ئەلچىلەر ئۆزلىرى ئىشىنىۋاتقان خۇش خەۋەر توغرىسىدا تەلىم بەرگەندە، ئۇلار (ئەڭ ئەشەددىي قارشى تۇرغۇچىغا نىسبەتەنمۇ) كۆپچىلىككە ناھايىتى ئوچۇق بولغان مەلۇماتلارغا تايانغان. ئۇلار: «قاراڭلار، بىز بۇلارنى كۆردۇق» ياكى «بۇ ئىشلارنى ئاڭلىدۇق......» دەپلا قالماستىن، تېخىمۇ بىۋاستە ھالدا ئۇلارغا: «سىلەرمۇ بۇ ئىشلارنى بىلىسىلەر...... سىلەرمۇ ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگەن، سىلەرگە بۇ بەك ئېنىق» دەپ سۆزلىگەنىدى. مەلۇم بىر ئادەم ئۆزىگە قارشى چىققۇچىغا نىسبەتەن:«سىزمۇ بۇ ئىشنى چوڭقۇر بىلىسىز» دېگىنىدە، ئۇ ئەڭ ياخشىسى ئېھتىيات قىلغىنى تۈزۈك. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق بىر كىچىككىنە نۇقتىدا ئازراق خاتالىق بولۇشىغا يول قويىدىكەن، قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىغا ئېغىز ئاچالماي قالىدۇ.

«ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 2-باب، 22- ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى ئىسرائىل قېرىنداشلار سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! خۇدانىڭ ناسىرەلىك ئەيسا ئارقىلىق ئاراڭلاردا كۆرسەتكەن مۆجىزە ۋە كارامەتلىرى ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بۇ ئىش ھەممىڭلارغا مەلۇم».

«ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 26-باب، 24-ئايەتتىن 28-ئايەتكىچە مۇنداق دېيىلگەن: «پاۋلۇس ئۆزىنى مانا شۇنداق ئاقلىغاندا، ۋالىي فېستۇس يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا: پاۋلۇس، ساراڭ بولۇپسەن! يۇقىرى بىلىمىڭ ئەقلىڭنى ئازدۇرۇپتۇ— دېدى.

— ھۆرمەتلىك ۋالىي فېستۇس! — دېدى پاۋلۇس — مەن ساراڭ بولغىنىم يوق، مېنىڭ ئېيتقانلىرىم راست ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق. بۇ ئىشلاردىن ئاگرىپپا خانىنىڭمۇ خەۋىرى بار. شۇڭا، مەن خانغا ئوچۇق ئېيتالايمەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە خانىنىڭ دىققەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چۈنكى، ھەزرىتى ئەيسانىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار ئادەم كۆرمەيدىغان بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا بولغان ئىشلار ئەمەس-تە!

بۇنىڭ بىلەن پاۋلۇس ئاگرىپپا خانغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئى خان، ئۆزلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىغا ئىشىنەمدىلا؟ ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن!

ئاگرىپاخان پاۋلۇسقا:

— سەن مېنى مۇشۇنچىلىك ئازغىنا ۋاقىتتا قايىل بولۇپ ئەيساغا ئېتىقاد قىلىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى».

ئىنجىل خاتىرىلىرىنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالىنىڭ قىممىتى ھەققىدە مانچېستىر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇقەددەس كىتابنى تەكشۈرۈش ئىلمى ۋە ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ئىلمىنىڭ پروفېسسورى برۇسنىڭ كۆز قارىشى تۆۋەندىكىدەك: «ئەڭ دەسلەپكى خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا دوستانە بولىدىغان گۇۋاھچىلارلا يولۇقۇپ قالماي، يەنە نىيىتى دۇرۇس بولمىغان ئادەملەرمۇ يولۇققانىدى. ئۇلار ئەلۋەتتە ئەيسا مەسىھنىڭ خىزمىتى ۋە ئۆلۈمىدىن ئىبارەت بولغان ئىشلارنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شاگىرتلار بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئالدىدا، پاكىتنى بۇرمىلاشقا، مۇبالىغە قىلىشقا تەۋەككۈلچىلىك قىلالمايدۇ ئەلۋەتتە. چۈنكى بۇ ئادەملەر ئازراقلا يوچۇقنى تېپىۋالسا، قىلچە يۈز قارىماستىن، ئۇلارنىڭ رەسۋايىنى چىقىرىۋېتەتتى. ئەكسىچە ئەڭ دەسلەپتە خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر دائىم ئاڭلىغۇچىلار بىلىدىغان ئىشلارنى سۆزلەيتتى. ئۇلار: «بىز بۇ ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىلىرى» دەپ سۆزلەپلا قالماستىن، يەنە: «بۇ ئىشلارنى سىلەرمۇ ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگەن» دەيتتى. («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 2-باب، 22-ئايەت). ئەگەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئەمەلىيەتتىن سەللا چەتنىگەن بولسىدى، خالايىق ئارىسىدىكى قارشى پىكىردە بولغان ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزگەن بولار ئىدى.

سېنت پېتىر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئالىم ماكگىنلى (Lawrence McGinley) نىيىتى دۇرۇس بولمىغان گۇۋاھچىلار بىلەن ئەمەلىيەتتىنىڭ خاتىرىلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جەھەتتە مۇنداق پىكىردە بولغانىدى: «ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى خاتىرىلەش تامام بولغاندىن كېيىن، نەق مەيداندا بار بولغان نۇرغۇن گۇۋاھچىلار تېخى ھايات ئىدى. ھالبۇكى بۇ گۇۋاھچىلار ئارىسىدا، بۇ يېڭى دىنىي ھەرىكەتكە نىسبەتەن نەپرەتلەنگۈچىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ ئەنئەنىۋى خاتىرىلەر مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا بىر قاتار داڭلىق ئىشلارنى ۋە ئاشكارە سۆزلەنگەن تەلىملەرنى جاكارلىدى. بۇ دەل ھەرقانداق كىچىككىنە يېرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان خەۋەرنىڭ شاللىنىشقا ئۇچرايدىغان ۋاقتى ئىدى»

چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنجىلنى تەكشۈرۈش ساھەسىنىڭ مۇتەخەسسىسى گرانت (Robert Grant) مۇنداق خۇلاسە چىقارغانىدى: «ھەر قايسى خۇش خەۋەر كىتابلىرى تاماملانغاندا، نۇرغۇن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن گۇۋاھچىلار تېخى ھايات ئىدى. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئېتىبار بەرمەي بولمايدۇ ئەلۋەتتە...... يەنى، بۇ خۇش خەۋەر كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھاياتى، ئۆلۈمى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىشىغا نىسبەتەن بېرىلگەن گۇۋاھلىقلار ناھايىتى ئىشەنچلىكتۇر»

مەخسۇس تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۆز ھاياتىنى قەدىمكى خاتىرىلەرنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان دۇرانت (William Durant) مۇنداق يازىدۇ: «خۇش خەۋەر

كىتابلىرىنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلىرى ۋە دىنىي چۈشەنچىلەرنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ تۇرايلى. ئۇلارنىڭ خاتىرىلىگەنلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى توقۇپ چىقارغان تەرەپلىرى بولغان بولسا، ئۇلار بەزى تەرەپلەرنى ئوچۇق يازماي، يوشۇرغان بولار ئىدى. مەسىلەن، شاگىرتلارنىڭ خۇدانىڭ پادىشاھلىقىدىكى مەرتىۋىسى ئۈچۈن ئۆز-ئارا زىددىيەتلەشكەنلىكى، ئەيسا مەسىھ تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەر تەرەپكە قېچىشلىرى، پېترۇسنىڭ خۇدادىن تانغانلىقلىرى، خالايىقنىڭ ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن، مەسىھنىڭ جەلىلىيىدە كۆپ مۆجىزە كۆرسەتمىگەنلىكى، ئۇنىڭ تەلىملىرىنى ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدىن بەزىلەرنىڭ ئۇنى ئەقلىدىن ئازغان دەپ قارىشى، دەسلەپتىكى ئۇنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىگە بولغان تۇراقسىزلىقى، ئۇ ئازاب تارتقان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ كرېست ئۈستىدىكى ئازابلانغان نالە-پەريادى قاتارلىق خاتىرىلەرنى ئوقۇپ چىققان ئادەم بۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىدىن ئازراقمۇ گۇمانلانمايدۇ. ئەگەر بىر نەچچە كاللىسى ئاددىي ئادەملەر پەقەت بىر ئەلاد ۋاقىت ئىچىدە ئاشۇنداق ھوقۇقلۇق، كىشىنى قايىل قىلىدىغان خاراكتېرگە ئىگە، ئاشۇنداق يۈكسەك ئەقىل-پەزىلەتلەر مۇجەسسەملەنگەن، ئاشۇنداق مۇھەببەتنى قوزغۇتالايدىغان روھنى ئىجات قىلىپ چىققان دېيىلسە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ خۇش خەۋەر كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن مۆجىزىلەردىن تېخىمۇ چوڭراق مۆجىزە بولۇشى تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولىدۇ. ئىككى ئەسىر داۋاملاشقان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، مەسىھنىڭ ھاياتى، خاراكتېرى ھەم تەلىملىرىنىڭ ئېنىق ساقلانغانلىقى جەزملەشتۈرۈلدى. بۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان رولنى ئوينىغاندى».

## سىرتقى ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈش

تارىخىي ھەقىقەتلەرنىڭ ئۈچىنچى خىل تەكشۈرۈش ئۇسۇلى دەل سىرتقى ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈشتۇر. بۇ يەردىكى مەسىلە باشقا تارىخىي ماتېرىياللار مەزكۇر ھۆججەتنىڭ ئىچكى ئىسپاتلىرىنى جەزملەشتۈرەمدۇ ياكى ئىنكار قىلامدۇ دېگەن مەسىلىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز تەھلىل قىلىۋاتقان ھۆججەت ماتېرىيالدىن باشقا، يەنە قانداق ماتېرىياللار ئارقىلىق، ئۇنىڭ توغرىلىقىنى، ئىشەنچلىك ۋە ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ دېگەن مەسىلە.

پروفېسسور گوتسچاك تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى گۇۋاھلىق بەرگۈچى كۆپ بولسۇن ياكى پەقەت بىرلا ئادەم بولسۇن، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرى باشقا ئاللىقاچان ئىگەنلەنگەن تارىخ ۋە ئىلمىي مەلۇماتلار بىلەن ئوخشاش بولسا ياكى ماس كەلسە، بۇ پاكىتلارنى مۆلچەرلەشتىكى قارار خاراكتېرلىك سىناق ھېسابلىنىدۇ».

ئەلچى يۇھاننانىڭ ئىككى دوستى ئۇنىڭ خەتىرلىگەن مەزمۇنلىرىنىڭ نۇقسانسىز ئىكەنلىكىنى قوللىغاندى. تارىخشۇناس يۈسېبىيۇس (Eusebius) باش چوپان پاپىياسنىڭ (Papias) (رەبتىن كېيىنكى 130-يىلى) ئەسىرىنى ساقلىغان بولۇپ،

ئۇنىڭدىن مۇنداق خاتىرىلەر تېپىلىدۇ: «ئەلچى يۇھاننا» مۇنداق دەيدۇ: ‹پېترۇسنىڭ مەخسۇس تەرجىمانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ماركۇس ئۇنىڭ (پېترۇسنىڭ) سۆزلىرىنى ئەينەن خاتىرىلەپ ماڭغانىدى. مەيلى مەسىھنىڭ سۆزلىرى بولسۇن ياكى ھەرىكىتى بولسۇن، ئۇ ھەممىسىنى ۋەقەنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە يازمايدۇ. سەۋەبى ئۇ رەببىنىڭ يېنىدا بىللە بولمىغان ۋە ئۇنىڭ تەلىملىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن تىڭشىمىغانىدى؛ لېكىن خۇددى مەن ئېيتقاندەك ئۇ پېترۇسقا ھەمراھ بولدى، ھەم ئۇنىڭ تەلىملىرىنى زۆرۈر دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن، پېتۇرسنىڭ ئېيتقانلىرىنى خاتىرىلەپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاڭلىغان ھەر بىر ئىشنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن خاتىرىلەپ چىققان بولۇپ، ھەر قانداق يالغان گۇۋاھلىقنى قىستۇرۇپ قويۇشقا پېتىنالمايتتى›».

لىئون شەھىرىدىكى ئىرېنايۇس (رەبتىن كېيىنكى 180–يىلى) ئەلچى يۇھاننانىڭ شاگىرتى، ئىزمىر جامائەتچىلىكىنىڭ يېتەكچىسى پولىكاربىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ ئېتىقادچى بولۇپ، 86 يىل بولغاندا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «مەتتا ئىبرانىيلار (يەھۇدىيلار) ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ ئانا تىلىدا مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنى يېزىپ تارقاتتى. پېترۇس بىلەن پاۋلۇس رىمدا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى قۇردى. ئۇلار بىزدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن (ئۇلار ئالەمدىن ئۆتۈپ، بۇ دەل رەبتىن كېيىنكى 46–يىلى بولۇپ، نېرو جامائەتچىلىككە زىيانكەشلىك قىلغان ۋاقىت)، پېترۇسنىڭ تەرجىمانى ماركۇس ئۆز قولى بىلەن پېتۇرس يەتكۈزگەن خۇش خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرىنى يېزىپ  خاتىرىلەپ، بىزگە يەتكۈزدى. پاۋلۇسنىڭ شاگىرتى لۇقا ئۇستازى يەتكۈزگەن خۇش خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرىنى خاتىرىلەپ، كىتاب قىلىپ رەتلىدى. ئاندىن رەببىنىڭ شاگىرتى يۇھاننا يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ ئامراق شاگىرتى («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»نىڭ 13-باب 25- ئايەت، 21- باب، 20-ئايەتتىدە كۆرسىتىلگەن)، ئاسىيا ئۆلكىسىدىكى ئەفەستە تۇرغان چېغىدا يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنى يېزىپ  چىققان»

ئارخېئولوگىيە ئىلمى دائىم بىزنى كۈچلۈك ۋە مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قوشقان تۆھپىسى، تەسىرات ياكى ۋەھىي بېرىش ساھەسىدە ئەمەس، بەلكى خاتىرىلەنگەن ئەمەلىيەتلەر ئۈچۈن، توغرا بولغان پاكىتلارنى تەمىنلەپ بەرگەنلىكىدە بولدى. ئارخېئولوگ فرېي (Joseph Free) مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئارخېئولوگىيە ئىلمى ئاللىقاچان سانساناقسىز تارىخقا ماس كەلمەيدۇ ياكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ قارالغان خاتىرىلەرنىڭ ئەكسىچە توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتۋاتىدۇ».

بىز ئاللىقاچان ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ قانداق قىلىپ، رامساي ئۇنىڭ دەسلەپتە لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەرگە نىسبەتەن چىقارغان ئىنكار قىلىش ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتىپ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەينى

چاغدىكى كىچىك ئاسىيانىڭ جۇغراپىيەلىك، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى توغرا تەسۋىرلەپ بەرگەن دېگەن كۆزقاراشقا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق.

برۇس ئەپەندى لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەردىكى گۇمانلىق دەپ قارالغان جايلارنىڭ مۇقەددەس كىتابتىن سىرتقى ماتېرىياللار تەرىپىدىن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقىنى ۋە ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئىنجىلدىكى خاتىرىلەرنىڭ مۇبالىغە قىلىنغان يېرى يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

كىلاسسىك تارىخشۇناس شېرۋىن ۋايىت (Sherwin-White)مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋال ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىيالنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېلىپ بېرىلگەن تارىخىي ئىنكارلار ھەتتا ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، ئۇ بىمەنە پاراڭ بولۇپ قالىدۇ، خالاس. ئەمەلىيەتتە رىمنىڭ تارىخشۇناسلىرى ئاللىقاچان ئۇلارنى گۇمانسىز دەپ ئېلان قىلغانىدى».

شەخسەن ئۆزۈممۇ مۇقەددەس كىتابنىڭ تارىخىي كىتابلىقى ۋە توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى توغرىسىدا كۆپ ئىزدەنگەنىدىم. لېكىن مېنىڭ چىقارغان خۇلاسەم ئۇنىڭ تارىخىي كىتاب ئىكەنلىكىگە ئاساسەن شۇ بولدىكى ئۇ پۈتۈنلەي ئىشەنچلىك كىتاب ئىدى. ئەگەر ھەرقانداق بىر ئادەم مۇقەددەس كىتابنى رەت قىلماقچى بولسا ۋە ئۇنى ئىشەنچلىك ئەمەس دەپ قارىسا، ئۇ چوقۇم ھەممە كلاسسىك ئەسەرلەرنى رەت قىلىشى كېرەك. مەن دائىم مۇنداق بىر مەسىلىگە ئۇچرايمەن. ئۇ بولسىمۇ ئادەملەر ھەمىشە دائىم بىرلا ئۆلچەم بىلەن ئۆرپ–ئادەت ماتېرىيال كىتابلىرىنى تەكشۈرىدۇ. بىراق مۇقەددەس كىتابنى بولسا باشقا بىر ئۆلچەم بىلەن تەكشۈرىدۇ. لېكىن مەيلى بىز تەتقىق قىلىۋاتقان ماتېرىيال كىتاب ئۆرپ–ئادەت خاراكتېرىدىكى ماتېرىيال بولسۇن ئوخشاش بولغان ئۆلچەمنى ئىشلىتىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا مەن: «مۇقەددەس كىتابنىڭ ئەيسا مەسىھكە بەرگەن گۇۋاھلىقى، ئۇنىڭ تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى ئىشەنچلىك» دېيەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن.

رېگىنت ئۇنىۋېرسىتېتى تېئولوگىيە ئىلمىنىڭ پروفېسسورى دوكتۇر پىننوك (Pinnock) مۇنداق دەيدۇ: «ئەزەلدىن تارتىپ قەدىمىي تارىخىي ماتېرىياللار ئاشۇنداق مۇكەممەل ئەسلى تېكىستىگە ۋە تارىخىي پاكىتلارغا ئىگە بولغان ئەمەس. ئۆزىگە نىسبەتەن سەمىمىي بولغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ قىممىتىنى خالىغانچە يوققا چىقىرۋەتمەيدۇ. ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ تارىخىغا بولغان گۇمانى كۆز قاراشلار ناھايىتى ئېنىقكى مۇۋاپىق بولمىغان بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارنى ئاساس قىلغان بولىدۇ».

# 5– باب

## كىم يالغان سۆز ئۈچۈن ئۆز هاياتىنى قۇربان قىلىشنى خالايدۇ؟

ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىغا قارشى چىقىدىغان ئادەملەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر ئىشقا سەل قارايدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئەيسا مەسىھ ئەلچىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. ئۇلارنىڭ هاياتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ تەشەببۇسى ئۈچۈن مۇستەهكەم ئاساسنى تىكلەپ بەردى. چۈنكى ئەيسا مەسىھ ئېتىقادى تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولغاچقا، بىز تەكشۈرگەندە مەيلى خاتىرىلىگەن ئىسپاتلار بولسۇن ۋە ياكى ئېغىزچە ئىسپاتلار بولسۇن بىز چوقۇم پاكىتقا ئاساسلىنىشىمىز لازىم.

«تارىخ» دېگەن سۆزنىڭ ئوخشىمىغان نۇرغۇن ئېنىقلىمىلىرى بار. مەن بىر قەدەر ياخشى كۆرىدىغان تەبىرلەرنىڭ بىرى «پاكىتلارغا ئاساسەن ئۆتمۈشنى تونۇش» دېگەن تەبىرىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم: «مەن ئۇنىڭ ياخشى تەبىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن» دېسە، مەن ئۇنىڭدىن: «سىز بۇرۇن ناپالىيون دەپ بىر ئادەمنىڭ ئۆتكەنلىكىگە ئىشىنەمسىز؟» دەپ سورايمەن. ئۇلارنىڭ هەممىسى: «ئەلۋەتتە» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. مەن يەنە: «سىز ئۇنى كۆرۈپ باققانمۇ؟» دەپ سورايمەن. ئۇلارنىڭ هەممىسى ئۇنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشىدۇ. «ئۇنداقتا سىز قانداق بىلىسىز؟» ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ هەممىسى پاكىتقا تايانغان خالاس. تارىخقا بېرىلگەن بۇ تەبىرىدە بىر خىل ئىچكى مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ ئەگەر پاكىتلار ئىشەنچسىز بولسا، ئاڭلىغۇچىلار خاتا يېتەكلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەيسا مەسىھ ئېتىقادى «پاكىتقا ئاساسەن ئۆتمۈشنى تونۇش» مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز چوقۇم: «ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى ئەسلىدىكى ئاغزاكى پاكىت ئىشەنچلىكمۇ ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قىلغان ئىشلىرىنى توغرا يەتكۈزدىمۇ-يوق؟» دەپ سورىشىمىز كېرەك. مەن ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. مېنىڭ ئەلچىلەرنىڭ بەرگەن گۇۋاهلىقىغا ئىشىنىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇن ئىككى ئەلچىنىڭ ئىچىدە ئون بىرى ئىككى ئىش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلغانىدى. يەنى ئۇلار مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىگە هەمدە ئۇنىڭ هەقىقەتەنمۇ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىك سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، قامچىلانغان، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ ۋەهشى جازا تۈرلىرىدە جازالىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

1 . پېترۇس —— مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.
2 . ئەندەر —— مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

3 . مەتتا ـــــ پىچاقتا ئۆلتۈرۈلگەن.
4 . يۇھاننا ـــــ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن
5 . ياقۇپ (ھالپاينىڭ ئوغلى) ـــــ مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.
6 . پىلىپۇس ـــــ مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.
7 . سىمۇن ـــــ مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.
8 . ماتىيا ـــــ ئوقيادا ئۆلگەن.
9 . ياقۇپ (ئەيسانىڭ ئىنىسى) ـــــ چالما كېسەك قىلىنغان.
10 . توماس ـــــ نەيزە بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.
11 . بارتولوماي ـــــ مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.
12 . ياقۇپ (زەبەدىينىڭ ئوغلى) پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇ پاكىتلارغا نىسبەتەن دائىم بولۇنىدىغان ئىنكاس: «ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر يالغان گەپ ئۈچۈن ئۆلگەن، بۇ نېمىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى؟» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

شۇنداق، نۇرغۇن ئادەملەر مانا بۇ «يالغان سۆز» ئۈچۈن ئۆلدى. لېكىن بىلىشىمىز كېرەككى ئەلچىلەر بۇ «يالغان سۆز»نى توپتوغرا ھەقىقەت دەپ قارايدۇ. ئەگەر تىرىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشنى يۈز بەرمىگەن (يەنى يالغان) دېسەك بۇنى شاگىرتلار بىلمەي قالارمۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىغا پەقەت سەۋەب تاپالمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئون بىر ئادەم بىر يالغان سۆز ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىپ قالماستىن، بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە، ئۇلار بۇنىڭ يالغانچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. تارىختا ئون بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىنىۋاتقانلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلسە، لېكىن بۇ يالغان ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى بولسا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ئىش.

بىز چوقۇم بىرنەچچە ئامىلنى ئېنىق تونۇپ يەتكەندە، ئاندىن ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى چۈشىنەلەيمىز. بىرىنچىدىن، ئەلچىلەر ۋەقەنىڭ شاھىدى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەقەلىكلەرنى يېزىپ قالدۇرغان ۋە سۆزلىگەن.

پېترۇس مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەلچىلەر سىلەرگە ئۇقتۇرغان رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرەت بىلەن قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى ھەرگىزمۇ ئۆزىمىز ئويدۇرۇپ چىقمىدۇق. بىز ئەيسا مەسىھنىڭ شان ــشۆھرىتىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەنمىز» («پېترۇس يازغان ئىككىنچى خەت» 1-باب، 16-ئايەت). ئەلچى، ئەپسانا، رىۋايەت ۋە ئەمەلىيەتلەرنىڭ پەرقىنى بىلىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ.

يۇھاننا يەھۇدىيلارنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ: «بىز بۇ خېتىمىزدە سىلەرگە ئەزەلدىن بار بولغان ھاياتلىق كالامى توغرىسىدا بايان قىلماقچىمىز. بىز ھاياتلىق كالامىنى ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلىغان. ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن ۋە كۆزەتكەن ھەمدە ئۆز قوللىرىمىز بىلەن

تۇتقان. بۇ ھاياتلىق بىزگە ئايان بولدى. بىز ئۇنى كۆردۇق. شۇڭا بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بېرىمىز. ھەممە ئەسلىدە ئەرىشتىكى ئاتىمىز بىلەن بىللە بولۇپ، كېيىن بىزگە ئايان بولغان، بۇ مەڭگۈلۈك ھاياتنى سىلەرگە بايان قىلىمىز. سىلەرنىڭمۇ بىز بىلەن قېرىنداش بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنى سىلەرگە يەتكۈزۈۋاتىمىز. بىز بۇنداق قېرىنداشلىقتىن بىللە بەھرىمان بولالايمىز. چۈنكى بىز ھەممىمىز بىرلىكتە ئاتىمىز ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھكە باغلاندۇق» («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 1-باب، 1- ئايەتتىن 3- ئايەتكىچە).

لوقا مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئارىمىزدا قىلغان ئىشلىرىنى خاتىرىلەشكە كىرىشكەندى. ئۇلار خاتىرىلەشتە، بۇ ئىشلارنى باشتىن – ئاخىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، خۇش خەۋەر تارقاتقانلارنىڭ بايانلىرىنى ئاساس قىلغان. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىققانلىقىم ئۈچۈن، بۇلانى تەرتىپ بويىچە يېزىپ، سىزگە مەلۇم قىلىشنى لايىق تاپتىم» («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1-باب، 1- ئايەتتىن 3- ئايەتكىچە).

ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىدە لۇقا ھەزرىتى ئەيسا تىرىلگەندىن كېيىنكى قىرىق كۈندە، ئەيسا مەسىھ ۋە مۇرتلىرىنىڭ يېقىنلىشىش ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «.....دەسلەپكى خېتىمدە ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى باشلىغاندىن تارتىپ تاكى ئاسمانغا كۆتۈرۈلگۈچە قىلغان ھەممە ئىشلىرىنى ۋە بەرگەن بارلىق تەلىملىرىنى بايان قىلغانىدىم. ئۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن مۇقەددەس روھنىڭ ئۆزى تاللىغان ئەلچىلىرىگە يول–يورۇقلارنى بەرگەنىدى. ئۇ ئۆلۈپ تىرىلگەندىن كېيىنكى قىرىق كۈن ئىچىدە ئۇلارغا كۆپ قېتىم كۆرۈنۈپ، نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئۆزىنىڭ تىرىلدۈرۈلگەنلىكىنىڭ گۇمانسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى ۋە خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا دائىر سۆزلەرنى قىلغانىدى» («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 1-باب، 1- ئايەتتىن 3- ئايەتكىچە).

يۇھاننا ئۆزى يازغان خۇش خەۋەر كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىنىڭ ئالدىدا بۇ كىتابتا يېزىلمىغان باشقا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنىمۇ كۆرسەتتى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 20- باب، 30- ئايەت).

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ بۇ گۇۋاھلىقىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى توغرىسىدىدۇر. ئەلچىلەرنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ تىرىلگەن ھاياتىنىڭ گۇۋاھچىلىرىدۇر:

«لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 24-باب، 48- ئايەت

«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 15- باب، 27- ئايەت

«ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 1- باب، 8- ئايەت؛ 2- باب، 24- ۋە 32- ئايەت؛ 3- باب، 15- ئايەت؛ 4- باب، 33- ئايەت؛ 5- باب، 32- ئايەت،

10- باب، 39- ۋە 41- ئايەت؛ 13- باب، 31- ئايەت؛ 22- باب، 15- ئايەت؛ 23- باب، 11- ئايەت؛ 26- باب، 16- ئايەت.

«كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 15- باب، 15- ئايەت ؛ 15- باب، 4- ئايەتتىن 9-ئايەتكىچە.

«يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 1- باب، 2- ئايەت.

ئىككىنچى، ئەلچىلەرنىڭ ئۆزى ئالدى بىلەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈشى زۆرۈر. دەسلەپتە ئۇلار ئىشەنمىگەن. ھەمدە بىر بىرلەپ قاچقان ياكى يوشۇرنۇۋالغان («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14- باب، 50- ئايەت) ئۇلار كۆڭلىدىكى گۇمانلىرىنى يوشۇرۇپمۇ يۈرمىگەن. ئۇلار پەقەت يېتەرلىك ھەم كۈچلۈك پاكىتلاردىن كېيىنلا ئاندىن ئىشىنەلىگەن. ھەتتا توماس ئۆز قولۇم بىلەن ئۇنىڭ يارىلىرىنى سىلىمىغۇچە ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن دېگەن. كېيىن توماس مەسىھ سەۋەبىدىن قۇربان بولغان. سىلەرچە ئۇلار ئالدانדىمۇ؟ ئۇ ئۆز ھاياتى بىلەن ئەڭ جەزىملەشتۈرۈلگەن جاۋابنى بەردى. يەنە پېترۇسمۇ بار. ئۇ ھەزرىتى ئەيسا تۇتقۇن قىلىنغاندا ئۇنىڭدىن بىر نەچچە قېتىم تانغان، ئاخىرىدا ئۇ ئەيسانى تاشلاپمۇ كەتكەن. لېكىن مەلۇم ئىشلار ئۇنى ئۆزگەرتتى. ھەزرىتى ئەيسا كرېستكە مىقلىنىپ ۋە كۆمۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يېرۇسالېمدا پەيدا بولۇپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا، ئەيسانى مەسىھ ھەم ئۆلۈمدىن تىرىلدى دەپ جاكارلىدى. ئەڭ ئاخىرى پېترۇس كرېستكە تەتۈر مىقلىنىپ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ ئالدانغانمۇ؟ ئۇنىڭدا زادى قانداق ئىش يۈز بەردى. نېمە ئۇنى ئۆزگەرتىپ ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن شىردەك باتۇر قىلىۋەتتى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ مەسىھ ئۈچۈن ئۆلۈشنى خالايدۇ؟ مەن قانائەتلىنەرلىك بىردىن-بىر جاۋاب «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب، 15- ئايەت— «ئۇ قىخاسقا (پېترۇس) كۆرۈندى» («يوھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1- باب، 42- ئايەت).

پوزىتسىيىسى كەسكىن، ئەمما ئاخىرى ھەقىقەت تەرەپىدىن قايىل قىلىنغانلارنىڭ تىپىك مىسالى ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىنىسى ياقۇپ («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 13-باب، 55- ئايەت؛ «ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6- باب، 3- ئايەت). گەرچە ئەسلىدىكى ئون ئىككى شاگىرتنىڭ قاتارىدا بولمىسىمۇ («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 2-ئايەتتىن 10-ئايەتكىچە). كېيىن پاۋلۇس ۋە بارناباالارغا ئوخشاش («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 14-باب، 14- ئايەت) ئەلچى دەپ ئاتالدى («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 1- باب، 19- ئايەت). ھەزرىتى ئەيسا بۇ زېمىندىكى ۋاقتىدا، ياقۇپ ئۆزىنىڭ ئاكىسىنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى («يوھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7- باب، 5- ئايەت) ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنى-سىڭىللىرى بىرلىشىپ ھەتتا ئۇنى

مەسخىرە قىلىپ: «ئادەملەر ساڭا ئىشىنىشى كېرەكمۇ؟ نېمە ئۈچۈن يېرۇسالېمغا بېرىپ ئىشىڭنى قىلمايسەن؟» دېگەن بولغىيتتى. ياقۇپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئائىلىسىنىڭ نام ئابرۇيى ئەيسا تەرىپىدىن تۆكۈلگەندەك بىلىنگەن بولغىيتتى. چۈنكى ھەممىلا يەردە: «يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق ئۆزۈمدۇرمەن. ئەگەر مېنىڭ ۋاستىچىلىقىم بولمىسا ئاتامنىڭ يېنىغا ھېچكىم بارالمايدۇ («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14- باب، 6- ئايەت)، «مەن ئۈزۈم تېلى، سىلەر شاخلىرى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 15-باب، 5- ئايەت)، «ياخشى قويچى ئۆزۈمدۇرمەن...... قويلىرىممۇ مېنى تونۇيدۇ» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10- باب، 14- ئايەت). ئەگەر سىزنىڭ ئىنىڭىز مانا مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلسا سىز قانداق ئويلايسىز؟

لېكىن ياقۇپتا ھەقىقەتەنمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەيسا مەسىھ كرېستكە مىقلىنىپ كۆمۈلگەندىن كېيىن، ئۇ يېرۇسالېمدا تەلىم بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ئەيسا ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلدى، ئۇ ئاللىقاچان تىرىلدى ھەم ھازىرمۇ ھايات دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ياقۇپ ئاستا-ئاستا يېرۇسالېمدىكى جامائەتچىلىكنىڭ بىر رەھبىرى بولدى ھەم «ياقۇپ يازغان خەت» دېگەن كىتابنى يازدى. ئۇ كىتابنىڭ بېشىغىلا: «خۇدا ۋە رەب ئەيسانىڭ خىزمەتكارى ياقۇپ» دەپ يازىدۇ. ئەيسانىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى مانا مۇشۇنداق ئۆزگەردى. ئاخىرىدا ياقۇپ باش روھانىي ھانانىيىنىڭ قولىدا چالما -كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى (بۇ ۋەقەلەرنى شۇ زاماندىكى داڭلىق تارىخچى يوسفۇس خاتىرىلىگەن). ياقۇپ ئالدانغانمۇ؟ ياق! بىردىن-بىر قايىل قىلارلىق جاۋاب «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 15-باب، 7- ئايەت بولۇپ — «كېيىن ياقۇپقىمۇ كۆرۈنگەندى»

ئەگەر تىرىلگەن ئىش يالغان بولىدىغان بولسا، بۇنى ئەلچىلەر چوقۇم بىلەتتى. ئۇلار چوڭ بىر ئالدامچىلىق ئۈچۈن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىمايۋاتقانمىدۇ؟ بۇ بىز تونۇپ يەتكەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەخلاق پەزىلىتى بىلەن قىلچە ماسلاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يالغانچىلىقنى ئەيىبلەپ سەممىيلىكنى تەكىتلىگۈچىلەردۇر. ئۇلار باشقىلارنى ھەقىقەتنى تونۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. تارىخشۇناس گىببون (Edward Gibbon) ئۆزىنىڭ داڭلىق «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە يىمىرلىشى» دېگەن ئەسىردە: «دەسلەپكى ئېتىقادچىلارنىڭ ساپ ۋە تەلەپچان ئەخلاقى خىسلىتى، ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىنىڭ كەڭ تارقىلىشىدىكى بەش سەۋەبىنىڭ بىرىدۇر» دەپ كۆرسەتكەندى. نوتىڭھامدىكى يۇھاننا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى گرىن (Michael Green) مۇنداق دەيدۇ: «تىرىلىش بىر توپ ئۈمىدسىزلەشكەن ئەگەشكۈچىلەرنى (ئۇلارنىڭ ئۇستازى مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى) دەسلەپكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ قەيسەرانە گۇۋاھچىلىرىغا ۋە قۇربان بېرىشكە رازى بولغۇچىلارغا ئايلاندۇردى. بۇ ئەيساغا ئەگەشكۈچىلەر بىلەن باشقا يەھۇدىيلارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلارنى جانلىق جامائەتچىلىككە ئايلاندۇردى. سىز ئۇلارنى تۈرمىگە تاشلىسىڭىزمۇ، قىيىنىسىڭىزمۇ

ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ ئۇلارنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۈچ كۈندىن كېيىن تىرىلگەن ئىشىغا نىسبەتەن ئىشەنچىنى يوقىتالمايسىز».

ئۈچىنچى، ئەلچىلەر تىرىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كەسكىن پوزىتسىيەسىدىن بۇ ئىشنىڭ ساختىپەزلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش تەس. ئۇلار بىر كېچىدە دېگۈدەكلا كۈچلۈك بولۇپ كەتكەنىدى. ئىلگىرى ئەيسادىن تانغان پېترۇس ئەمدىلىكتە ھاياتىنىڭ خەۋپ – خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزگەنىدى.

ھاكىمىيەت بېشىدا ھوقۇق تۇتۇۋاتقان ئادەملەرمۇ ئىلگىرى مەسىھنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى تۇتقۇن قىلغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۇرغانىدى. لېكىن ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كوچىلارغا چىقىپ، ئەيسا مەسىھ ھەققىدە خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە باشلىدى («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 5- باب، 40- ئايەتتىن 42- ئايەتكىچە). ئۇلارنىڭ دوستلىرى ئۇلارنىڭ روھى جەھەتتە ساغلام تۇرۇۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ غەيرىتىگە دىققەت قىلغانىدى. ئۇلار چەت ياقىلاردا ئەمەس، بەلكى يېرۇسالېمدا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەنىدى.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ تىرىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرمىگەن بولسا، دەھشەتلىك جازالىنىش ۋە ئۆلۈمنىڭ كۈچى ئاستىدا تىك تۇرالمىغان بولاتتى، ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى ۋە پوزىتسىيىلىرىنىڭ بىردەك بولۇشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنىڭ بىردەك بولۇشى ئانچە ئاسان بولمايدىغان بىر ئىش، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەمەلىيەتكە نىسبەتەن ئازراقمۇ پەرقلىق كۆز قارىشى يوق. ئەگەر ئۇلاردا ئالدامچىلىق، ھىلىيگەرلىك بار دېيىلسە، ئۇلارنىڭ ھاياتى تەھدىدكە ئۇچرىغاندا نېمە ئۈچۈن بىرىنىڭمۇ چېكىنىپ چىقمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش بەكمۇ تەسكە توختايدۇ.

فرانسىيە پەيلاسوپى پاسكال (Pascal) مۇنداق يازىدۇ: «ئەلچىلەرنى قەستەن ساراڭغا چىقىرىش بىر بىمەنىلىك. بىز بۇ خىل شىكايەتكە لوگىگىلىق ئىزدىنىش جەھەتتىن خۇلاسە چىقىرىپ باقايلى: بىز بۇ ئون ئىككى ئادەمگە قاراپ باقايلى، ئۇلار ئەيسا مەسىھ ئۆلگەندىن كېيىن بىر يەرگە جەم بولۇپ، تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنى ئاللىقاچان تىرىلدى دەپ جاكارلىغان بولسا، بۇ ھاكىمىيەت ۋە دىنىي ھوقۇقدارلارغا بىۋاستە ھۇجۇم قىلىشنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئادەملەردىكى نىيەت ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئاسانلا باشقىلارنىڭ گېپى بىلەن تەۋرىنىپ قالىدۇ. پۇل سەۋەبىدىن ئازدۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئازدۇرۇلۇش، تۈرمىگە تاشلىنىش ياكى قاتتىق جازالىنىش سەۋەبىدىن بوشاشقان بولسا ئىدى، ئۇلار تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولغان بولاتتى»

گرېن (Michael Green) مۇنداق سورايدۇ: «ئۇلار قانداق قىلىپ بىر كېچە ئىچىدە قورقماس، قىزغىن بولۇپ، قارشىلىقلارغا، مەسخىرىلەرگە، كەمسىتىشلەرگە، قىيىنچىلىقلارغا، تۇتقۇن قىلىنىشلارغا ۋە ئۆلۈمگە باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئۈچ

قىتئەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، ئەيسا مەسىھ ھەم ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى تارقاتتى؟».

نامسىز بىر يازغۇچى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدا، ئەلچىلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بايان قىلغاندى: «ئەيسا مەسىھ كرېستكە مىقلانغان ئاشۇ كۈنى ئۇلار قايغۇ-ھەسرەتكە تولغاندى. يەتتە كۈننىڭ دەسلەپكى كۈنى (يەكشەنبە) ئۇلار خۇشال خۇراملىققا تولىدۇ. كرېستكە مىقلانغان ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۇلار ئۈمىدسىزلەنگەن. يەتتە كۈنىڭ دەسلەپكى كۈنى (يەكشەنبە) بولسا ئۇلارنىڭ قەلبى ئىشەنچى ۋە ئۈمىدكە تولغان، تىرىلىش توغرىسىدىكى خەۋەرنى دەسلەپتە ئاڭلىغاندا، ئۇلار گۇمانلانغان، لېكىن ئەمەلىيەت جەزىملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار مەڭگۈ گۇماندا بولمىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلىرىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ پەقەت جەسەتنىڭ قەبرىدىن يۆتكىلىشى ئۇلارنىڭ قەلبىنى ۋە خاراكتېرىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۈچ كۈن ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق چوڭ ھېكايىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. ئەپسانە رىۋايەتلەرنىڭ توقۇلۇشى ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. خاراكتېر جەھەتتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈش كېرەك. بۇ گۇۋاھچىلارنىڭ خاراكتېرىنى ئويلاپ باقايلى، ئۇلار دۇنياغا نىسبەتەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئېتىكا تەلىملىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىدى. ھەتتا ئۇلار دۈشمەننىڭ قاتمۇقات بېسىملىرى ئاستىدا گۈزەل بولغان تۇرمۇش گۇۋاھلىرىنى بەردى. يەنى ھۆركۈپ كەتكەن قۇچقاچتەك ئۆيگە مۆكۈنۈۋالغان بۇ ئادەملەرنىڭ ئېغىزلىرىنى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھەرقانداق زىيانكەشلىكلەرمۇ چەكلىيەلمىدى. ئۇلاردىكى مانا مۇشۇنداق غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى قەستەن ۋە دۇنياغا ئەمەلىيەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى دېيەلەمدۇق؟ ئۇ قىلچە مۇۋاپىق بولمايدۇ»

لاتۇرەت (Kenneth Scott Latourette) مۇنداق دەپ يازىدۇ: «رەبنىڭ تىرىلىشى ۋە مۇقەددەس روھنىڭ چۈشۈشى توغرىسىدىكى ئەمەلىيەتنىڭ ئەلچىلەرگە بەرگەن تەسىرى..... ناھايىتى مۇھىم. ئۇلار قايغۇ—ھەسرەت ئىچىدە ئىلگىركى كۈنلىرىنى ئەسلەشكەن. ئۇلار ئەيسا مەسىھكە «ئىنسانلارنى قۇتقۇزىدۇ» دەپ ئۈمىد باغلىغان. ئۇلار بىر توپ چۈشكۈنلەشكەن ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن ئادەملەر بولۇپ، كېيىن ئۇلار ناھايىتى تېزلا بىر تۈركۈم گۇۋاھچىلاردىن بولۇپ قالدى.

لىتتلې (Paul Little) مۇنداق دەپ سورايدۇ: «بۇلارغا ئوخشاش ئىجتىمائى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتەلىگەن ئادەملەر راستىنلا ساراڭ ياكى ئالدامچىمۇ؟ بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش تىرىلىش ئەمەلىيىتىدىن بەكرەك ئادەمنى ئىشەندۈرەلمەيدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشنى قوللايدىغان ھېچقانداق پاكىت ۋە ئىزلار يوق».

ئەلچىلەرنىڭ تاكى ئۆلگۈچە سادىق بولغان پوزىتسىيىسىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئۇلۇغ برىتانىيىنىڭ قامۇسىغا ئاساسلانغاندا، ئېلىگۇس (Origen) پېترۇسنىڭ

كرېستكە تەتۈر مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خاتىرىلەيدۇ. ۋوركمان (Herbert Workman) پېترۇسنىڭ ئۆلۈمىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «رەببىمىزنىڭ ئالدىن ئېيتقىنىدەك، پېترۇس باشقىلار تەرىپىدىن «تۇتقۇن قىلىنىپ» ئۆلىلا يولىغا «ئېلىپ كېلىندى» فانتىگا تېغىغا يېقىن بولغان نىرو گۈللۈككىدە، دەل ئۇنىڭ نۇرغۇن قېرىنداشلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان جايدا، ئۇ ئۆزىنى كرېستكە تەتۈر مىقلاشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئۇ رەب بىلەن ئوخشاش جازالىنىشقا لايىق كەلمەيمەن دەپ ئويلايتتى».

ماتىڭلى (Harold Mattingly) ئۆزىنىڭ تارىخنامە كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئەلچى پېترۇس ۋە يوھاننا ئۆزىنىڭ قانلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۇۋاھلىقىنى تامغىلىدى».

تېرتۇللاس (Tertullian) مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۆزىدە ھەقىقەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن باشقا ئەھۋال ئاستىدا، ھېچكىم ئۆلۈشنى خالىمايدۇ» خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى گرېنلىف (Simon Greenleaf) ئانالىز گۇۋاھلىقى ۋە ھۆكۈم قىلىش گۇۋاھلىقىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە نىسبەتەن تەجرىبىسى بار پروفېسسۇر بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىدۇ: «ھەربىي ئىشلار خاتىرىلىرىدىمۇ مۇنداق قەتئىي ۋە قورقماس مىساللارنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلارمۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئىشەنچىنىڭ ئاساسىنى ۋە ئۆزلىرى قوغدىغان ئەمەلىيەت ۋە ھەقىقەت توغرىسىدىكى پاكىتلارنى ئىنچىكە تەكشۈرگەنىدى».

ئەلچىلەر ئۆلۈمنىڭ سىناقلىرى ئارقىلىق، ئۆزلىرى سۆزلەۋاتقان ئەھۋالنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان. مەن ھازىر كۆرۈۋاتقان كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ گۇۋاھلىقلىرىدىن بەكرەك ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىغا ئىشىنىشىم كېرەكلىكىنى بىلىمەن. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە قىل سىغدۇرمايدۇ. مانا بۇ ھەقىقەت ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ».

# 6– باب

## ئۆلۈك مەسىھنىڭ يەنە نېمە رولى بولسۇن

نۇرغۇن كىشىلەر ئىلگىرى ئۆز غايىلىرى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغانىدى. ساندىيەگودا ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ۋىتنام ئۇرۇشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

60– يىللاردا ئاز بولمىغان بۇددا دىنىي مۇرتلىرى دۇنيانىڭ دىققەت ئېتىبارىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا قارىتىش ئۈچۈن، ئۆز-ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەنىدى.

ئەلچىلەر ئۇچرىغان مەسىلە دەل ئۇلارنىڭ غايىسى بولغان ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستكە مىقلىنىپ ئۆلۈشى ئىدى. ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن؛ ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان؛ ئۇلار ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى قۇرىدۇ ھەم ئىسرائىللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، دەپ چوڭقۇر ئىشەنگەنىدى.

ئەلچىلەر بىلەن مەسىھنىڭ مۇناسىۋىتى ھەمدە ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كرېستنىڭ ئەمەلىيىتىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشتە، سىز چوقۇم ئالدى بىلەن ئەينى چاغدىكى يەھۇدىيلارنىڭ مەسىھكە بولغان كۆز قارىشىنى ئىگەللىشىڭىز كېرەك.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھاياتى ۋە تەلىملىرى بىلەن ئەينى چاغدىكى يەھۇدىيلارنىڭ مەسىھ بولۇپ كەلگۈچىگە بولغان كۆز قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇلار باللىق مەزگىلىدىن باشلاپلا مەسىھ بولغۇچى چوقۇم سىياسىي ھوقۇقنى ئۆز قولىغا ئالغان رەھبەر سالاھىيىتىدە كېلىدۇ دەيدىغان كۆز قاراشنى قوبۇل قىلغان. ئۇ يەھۇدىيلارنى ئازات قىلىشى، ئىسرائىللارنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى. مەسىھ بولغۇچىنىڭ ئازاب–ئوقۇبەت چېكىشى «يەھۇدىيلارنىڭ مەسىھكە بولغان كۆز قارىشىغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي يات ئىدى».

سكوت (E·F· Scott) ئەپەندى مەسىھنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى مۇنداق دەپ ئومۇملاشتۇرغانىدى: «.....ئۇ ئىنتايىن جىددىي بىر ۋاقىتلار ئىدى. ھەتتا دىنىي رەھبەرلەرمۇ خەلق ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى كونترول قىلالمىغانىدى؛ ئۇلار كېلىشكە ۋەدە قىلىنغان قۇتقۇزغۇچىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئەينى چاغدا يۈز بەرگەن بىر قانچە ئىش بۇ خىل تەشنالىقنى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرگەنىدى.

نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان يەھۇدىيلار رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئەركىنلىكىنى يوقاتقان، ئۇلار ئۇچرىغان بېسىم ئۇلاردىكى جۇشقۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتىنى ئويغاتقانىدى. ئۇلار دائىم بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى مەسىھنىڭ پادىشاھ سالاھىيىتىدە كېلىپ، ئەينى چاغدىكى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشىنى خىيال قىلاتتى. لېكىن ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. خۇش خەۋەر كىتابلىرىدىن بىلەلەيمىزكى بۇ بېسىلىپ قالغان كونا ئۈمىد خالاس.

ئەينى چاغدىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەسىھ بولغۇچىنىڭ ئوبرازى يەنىلا يەشايا پەيغەمبەرنىڭ زامانىسىدىكى — ئۇ پادىشاھ داۋۇدنىڭ ئەۋلادى، ئۇ يەھۇدىي مىللىتىگە غەلىبە ۋە ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ دەيدىغان قاراشتا توختاغلىق ئىدى. خۇش خەۋەر كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغان چېغىمىزدا، ئەينى چاغدىكى مەسىھ بولغۇچىغا بولغان ئومۇمى كۆز قاراش قويۇق مىللىي ۋە سىياسىي تۈسنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى».

يەھۇدىي تەتقىقاتچىسى كلوسنېر (Joseph Klausner)مۇنداق دەيدۇ: «مەسىھ بولغۇچى داڭلىق سىياسىي رەھبەر بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە يۈكسەك پەزىلەت ئىگىسى بولۇشى كېرەك»

گارتېنخۇ (Jacob Gartenhus) ئەينى چاغدىكى يەھۇدىيلاردىكى كۈچلۈك ئىشەنچىنى مۇنداق ئەكس ئەتتۈرىدۇ: «يەھۇدىيلار كۈتۈۋاتقان مەسىھ ئۇلارنى رىم ئىمپېراتورىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزالايدىغان ئادەم ئىدى..... ئۇلارنىڭ مەسىھنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىشى مىللىي ئەركىنلىك ئۈچۈن ئىدى» يەھۇدىيلارنىڭ قامۇسىدا ئەينى چاغدىكى يەھۇدىيلار: «پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان مەسىھنى دەل ئۆزلىرىنى يات مىللەتلەرنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتقۇزالايدىغان، رىم ئىمپېراتورىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مەغلۇپ قىلالايدىغان بىرىنىڭ كېلىشىنى، ئۇنىڭ شۇ جايدا تىنچ ۋە ئادىل بولغان پادىشاھلىقنى قۇرۇشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ئۇ چاغلاردا يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن بېشارەت قىلىنغان مەسىھنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ يۈرۈشەتتى. ئەلچىلەرنىڭ كۆز قارىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. خۇددى باۋرۇس (Millar Burrows)ئېيتقاندەك: «ھەزرىتى ئەيسا يەھۇدىيلار ئارزۇ قىلغان پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادىغا شۇ دەرىجىدە ئوخشمايدىكى، ھەتتا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مەسىھ ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت بار ئىكەنلىكىنى ئاساسەن بايقىيالمىغانىدى. ھەزرىتى ئەيسا بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، شاگىرتلار بۇنى توغرا تاپمىغان («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 9-باب، 22- ئايەت) برۇس (A·B· Bruce) ئەپەندىنىڭ كۆزىتىشىگە ئاساسەن: «ئەلچىلەر ئەيسا ئالدىن ئېيتقان بۇ ئەھۋاللارنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلاتتى.... مەسىھنىڭ كرېستكە مىقلىنىپ ئۆلۈشىنى ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىشى تەس ئىدى. ئەيسا تىرىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، كۆپىنچە ئادەملەر يەنىلا مۇشۇنداق كۆز قاراشتا بولغان»

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىنجىلشۇناس ئىدىرشىم ئەپەندى (Alfred Edersheim) : «ئۇ ھەرگىزمۇ مەسىھ كېلىشكە تېگىشلىك پەيت ئەمەس ئىدى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

بىز ئىنجىلدىن ئەلچىلەرنىڭ مەسىھكە نىسبەتەن تۇتقان پوزىتسىيىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇلار ھوقۇق تۇتىدىغان مەسىھنى كۈتكەن. ئەيسا شاگىرتلىرىغا ئۆزىنىڭ يېرۇسالىمدا چوقۇم ئازاب-ئوقۇبەت تارتىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، ياقۇپ بىلەن يۇھاننا ئۇنىڭ پادىشاھلىقى تىكلەنگەندە، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى («ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 10-باب، 32- ئايەتتىن 38- ئايەتكىچە ) ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى مەسىھ زادى قانداق؟ جاپا تارتىدىغان، كرېستكە مىقلىنىدىغان مەسىھمۇ؟ ياق! ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى مەسىھ بىر سىياسىي رەھبەر ئىدى. ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتا خاتالاشقانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت چېكىشى ۋە كرېستكە مىقلىنىشىنى ئالدىن ئېيتقاندا، ئۇن ئىككى شاگىرت ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەنىدى («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 18-باب،31- ۋە 32- ئايەت). چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئالغان تەربىيىسى ئۇلارنى بىز چوقۇم ئاجايىپ بىر ياخشى ئىشقا شېرىك بولىمىز دەپ ئىشەندۈرەتتى. بىراق، ئاخىرىدا ھەزرىتى ئەيسا گولگوتادا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلدى. ھەزرىتى ئەيسا كەلمەكچى بولغان مەسىھنىڭ ئۆزى دەيدىغان بارلىق ئۈمىدلەر كۆپۈككە ئايلاندى. مانا مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇلار يۇك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىسىت! بىر نەچچە يىلنى بىكارغا ئۆتكۈزىۋېتىپتىمىز، دەپ ئويلاپ يۇرتلىرىغا قايتىشتى.

فۇللەر مۇقەددەس كىتاب تەتقىقات مەكتىپىدىكى ئىنجىل پروفېسسورى دوكتۇر لادد (George Eldon Ladd) مۇنداق يازىدۇ: «مانا بۇ ئەيسا تۇتقۇن قىلىنغاندا، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە مەسىھ چوقۇم غەلىبە قىلغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بارلىق دۈشمەنلەرنى باش ئەگدۈرىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ئەيسانىڭ قامچىلىنىپ قانغا بويالغانلىقىنى، پىلاتۇسنىڭ ئالدىدا دەرمانسىز تۇتقۇنغا ئايلانغانلىقىنى كۆرگۈنىدە، شۇنداقلا ئادەتتىكى جىنايەتچىلەرگە ئوخشاش باشقىلار تەرىپىدىن يالىنىپ، كرېستكە مىقلانغانلىقىنى كۆرگۈنىدە، ئۇلارنىڭ ئەيسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىگە بولغان ئۈمىدى پۈتۈنلەي بەربات بولغانىدى. مانا بۇ ئومۇمىي يۈزلۈك پسىخىكا ھادىسە بولۇپ، بىز پەقەت ئاڭلىغۇمىز بار ئىشلارنىلا ئاڭلايمىز. ئەيسا ئۆزىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت تارتىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئالدىن ئېيتقان بولسىمۇ بىرمۇ شاگىرت بۇنى چۈشەنمىگەنىدى. گەرچە ئەيسا كۆپ قېتىم ئەسكەرتكەن بولسىمۇ، ئۇلاردا يەنىلا ھېچقانداق تەييارلىق بولمىغانىدى......».

لېكىن ھەزرىتى ئەيسا كرېستكە مىقلىنىپ، بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، شاگىرتلار باشقىچە ئۆزگىرىپ، يېرۇسالېمغا كېلىپ، ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى، يەھۇدىيلارنىڭ مەسىھقى ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ئەڭ مۇۋاپىق چۈشەندۈرىدىغان سەۋەبنى بىز «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان خەت» 15-باب، 5- ئايەتتە كۆرۈۋالايمىز. يەنى: «.....ئاۋۋال پېترۇسقا، ئاندىن كېيىن ئون ئىككى ئەلچىنىڭ ئىچىدىكى باشقىلارغىمۇ كۆرۈندى». يەنە قانداق سەۋەب بۇ ئۈمىدسىزلەنگەن شاگىرتلارنى كرېستتا ئۆلگەن مەسىھ ئۈچۈن ئازاب چېكىشكە، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا ئۈندىيەلىسۇن؟ ئۇ ئۆزى «ئۆلۈپ تىرىلگەندىن كېيىن، قىرىق كۈن ئىچىدە ئۇلارغا كۆپ قېتىم كۆرۈنۈپ، نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئۆزىنىڭ تىرىلدۈرۈلگەنلىكىنىڭ گۇمانسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى ۋە خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا دائىر سۆزلەرنى قىلغانىدى («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 1-باب، 3- ئايەت).

توغرا، ئىلگىرى نۇرغۇن ئادەملەر ئۆز غايىلىرى ئۈچۈن ھېچنېمىگە قارىماي ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغانىدى. لېكىن ئەلچىلەرنىڭ غايىسى ئاللىقاچان كرېستكە مىقلىنىپ ئۆلگەنىدى. پەقەت مەسىھنىڭ تىرىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇنىڭ ئۆزىنى شاگىرتلىرىغا ئايان قىلىشىلا، ئۇلاردا ھەزرىتى ئەيسا ھەقىقەتەن كەلمەكچى بولغان مەسىھنىڭ ئۆزى دەپ ئىشەندۈرگەنىدى. ئۇلار ئېغىزىدىكى سۆزلىرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىپ قالماي، بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىشنى خالىغانىدى.

# 7- باب

# سىز سائۇل دېگەن بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟

مېنىڭ بىر دوستۇم بۇرۇن نۇرغۇن مەكتەپلەردە نۇتۇق سۆزلىگەنىدى. بىر قېتىم، نۇتۇق سۆزلەشكە تەييارلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بىر ساۋاقداش ئۇنى شۇ كۈنى كەچتە «ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاتېزىم نەزەرىيىچىلىرى» بىلەن ئوچۇق-ئاشكارە بەس-مۇنازىرە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئۇنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققان ئىش ئىدى. ئۇنىڭ قارشى تەرىپى پىكىر قىلىشقا ماھىر ھەمدە ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىغا نىسبەتەن قارشى نۇقتا نەزەردە ئىگە بولغان پەلسەپە پروفېسسورى ئىدى. مېنىڭ دوستۇم ئالدى بىلەن پىكىر قىلدى. ئۇ ئەيسانىڭ تىرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ھەر تەرەپلىمە پاكىتلار، ئەلچى پاۋلۇسنىڭ تۇۋا قىلىپ ئۆزگەرگىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىتا ئەيسا مەسىھنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەردى.

پروفېسسورغا سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇ روشەنكى خاتىرجەمسىزلەنگەنىدى. ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى پاكىتلارنى ۋە ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاغدۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەلچى پاۋلۇسنىڭ تۇيۇقسىز تۇۋا قىلىپ، ئۆزگەرگىنىگە قارىتا مۇنداق دېدى: «نۇرغۇن ئەھۋاللاردا، بەزى ئىشلارغا ئارتۇقچە قارشى تۇرغان ئادەم ئاخىرى ئۆزى بۇ ئىشقا قاتنىشىپ قالىدۇ». بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ دوستۇم: «ئەپەندىم، سىز ئۆزىڭىزمۇ ئەڭ ياخشىسى دىققەت قىلىڭ، بولمىسا سىزمۇ چوقۇم ئەيسا مەسىھنىڭ بىر ئېتىقادچىسى بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن» دېدى.

ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىدىكى ئەڭ زور تەسىر كۈچكە ئىگە بولغان گۇۋاھلىق تارسۇسلۇق سائۇلدۇر. ئۇ ئەينى چاغدا ئېتىقادچىلارنى ئەشەددىي باستۇرغان بولۇپ، كېيىنكى چاغدا ئۇ ئەلچى پاۋلۇس دېگەن نام بىلەن ئاتالغانىدى. سائۇل دەسلەپتە ئىبرانىيلارنىڭ رادىكال ئېقىمىنىڭ دىنىي يېتەكچىسى ئىدى. ئۇ تارسۇستا تۇغۇلغاچقا، ئەينى چاغدىكى ئەڭ ئىلغار بىلىم بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدى. تارسۇس بولسا ستوئىزىم پەلسەپىسى داڭ چىقارغان بىلىملىك كىشىلەر توپلانغان چوڭ بىلىم ماكانى ئىدى. گرېك جۇغراپىيەشۇناسى ستراپو (Strabo) تارسۇس شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە پەلسەپەگە بولغان قىزغىنلىقىنى ماختىغانىدى.

پاۋلۇس تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئەينى چاغدا ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمان بولىدىغان رىم پۇقراسى ئىدى. ئۇگرېك مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيىسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر تونۇشقا

ئىگە ئىدى. ئۇ گرېك تىلىنى سۇدەك بىلەتتى. مۇنازىرە سەھنىسىدە ئۇ ئالاھىدە قابىلىيەتنى نامايەندە قىلاتتى. ئۇ سۆزلىرىدە پەيلاسوپىنىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئىشلەتكەن. «ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 17-باب، 28- ئايەت — «بىز ئۇ ئارقىلىق ياشايمىز، ھەرىكەت قىلىمىز، مەۋجۇتمىز. ئاراڭلاردىكى بەزى شائىرلار يازغاندەك: ‹بىز خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى!›» (كلىنتېس).

«كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 15- باب، 33- ئايەت— «مۇنداق سۆزلەرگە ئالدانماڭلار، چۈنكى ‹يامان دوستلار بىلەن يۈرسەڭ ئەخلاقىڭ بۇزۇلىدۇ›» (مېناندېر).

«تىتوسقا يېزىلغان خەت» 1-باب،12- ئايەت — «گىلدىرلىقلارنىڭ بىر يەرلىك پەيغەمبىرى مۇنداق دەيدۇ: ‹گىلدىرلىقلار دائىم يالغان گەپ قىلىدۇ، ياۋايى ھايۋانلىرىمۇ ھەم ئاچكۆز ھەم هورۇن›» (ئېپىمەنىدېس).

پاۋلۇس كىچىكىدىن تارتىپ، پەرىسىيلىكلەرنىڭ قاتتىق بولغان يەھۇدىي دىنىي تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. يېشى ئەمدىلا ئون تۆتتە تۇرۇپ، ئەينى چاغدىكى مەشھۇر ئۇستاز جامائىلنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەنىدى. پاۋلۇس ئۆزىنى پەرىسىي دەپ ئاتاپلا قالماستىن، ئۆزىنى مەن پەرىسىيلىكلەرنىڭ ئەۋلادى بولىمەن دەيدۇ («ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 23-، 6- ئايەت).

ئۇ يەنە: «يەھۇدىي دىنىي يولىدا نۇرغۇن تەڭتۇشلىرىمدىن خېلىلا ئالدىدا تۇراتتىم. ئەجدادىمىزنىڭ ئەنئەنىسىنى قوغداشتا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋە قىزغىنلىقىم بىلەن ئىشلەيتتىم» دەيدۇ («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 1- باب، 14- ئايەت).

ئەگەر بىز پاۋلۇسنىڭ توۋا قىلىشىنى چۈشەنمەكچى بولساق، بىز چوقۇم ئالدى بىلەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىغا بۇنچىۋالا قارشى تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ يەھۇدىي قانۇنىغا بولغان سادىقلىقى ئۇنىڭ مەسىھ ۋە دەسلەپكى ئېتىقادچىلارغا بولغان قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

خۇددى دۇپونت (Jacques Dupont) ئەپەندى ئېيتقاندەك: «پاۋلۇسنىڭ خۇش خەۋەرگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىشى ئەيسانىڭ ئۆزىنى مەسىھ (قۇتقۇزغۇچى) دەپ ئاتىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئەيسانىڭ قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر ھەقىقىتىنىڭ تەۋرات قانۇنىنىڭ قۇتقۇزۇش تەرەپتىكى قىممىتىنى يوققا چىقارغانلىقى ئۈچۈن بولۇپ،.... پاۋلۇسنىڭ ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىغا كۈچلۈك قارشى تۇرۇشى ئۇنىڭ قانۇننى بىردىن-بىر قۇتقۇزلۇش يولى دەپ ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەنلىك سەۋەبىدىن ئىدى».

ئەنگىلىيىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيە(قامۇس)دا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «ئۆزلىرىنى ئېتىقادچى دەپ ئاتىغان يەھۇدىيلار بىلەن پاۋلۇس قوبۇل قىلغان يەھۇدىي دىنىي تەربىيىسى ۋە ئۇستازلارنىڭ تەربىيىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈزمۇ-يۈز توقۇنۇشلار پەيدا بولدى. ئۇ بۇ ئېقىمنى يوقاتماقچى بولدى («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 1- باب، 13- ئايەت). شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناسرەلىك ئېقىمدىكىلەرنى»

قىرغىن قىلىشقا باشلىدى («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 16- باب، 9- ئايەتتىن، 11- ئايەتكىچە). قىلچە رەھىم قىلماستىن «ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنى باستۇردى» («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 8- باب، 3- ئايەت). ئۇ كېيىنكىلەرنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقىنى ئېلىپ، دەمەشىققە بېرىپ، ئەيسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى تۇتۇپ، ئۇلارنى يېرۇسالېمغا يالاپ بېرىپ، سوراققا تارتقۇزماقچى ئىدى.

بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، پاۋلۇستا ناھايىتى نورمال بولمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ئەينى ۋاقىتتا، پاۋلۇس يەنىلا ئۇر-چاپ قىلىپ، رەببىنىڭ شاگىرتلىرىنى قورقۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ئالىي روھانىينىڭ ئالدىغا بېرىپ، دەمەشىقتىكى ھەر قايسى جامائەتلەرگە بۇيرۇق يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەگەر بۇ يولدا ماڭغان ئادەملەرنى بايقاپ قالسا، مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال كىشى بولسۇن، يېرۇسالېمغا ئېلىپ كېلىپ جازالىماقچى بولدى. ئۇ دەمەشىققە كېلەي دېگەندە تۇيۇقسىز ئاسماندىن نۇر كېلىپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى يورۇتىۋەتتى. ئۇ يەرگە يىقىلدى ۋە بىر ئاۋازنىڭ ئۇنىڭغا: «سائۇل! سائۇل! سەن نېمە ئۈچۈن ماڭا زىيانكەشلىك قىلىسەن؟» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ: «ئى، رەببىم سىز كىم بولىسىز؟» دەپ سورىدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا: «مەن دەل سەن زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان ئەيسا، ئورنۇڭدىن تۇر. شەھەرگە كىر، نېمە قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى بىرسى ساڭا ئېيتىپ بېرىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغانلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاشتى، لېكىن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. پەقەت داڭ قېتىپ شۇ جايدا تۇرۇپلا قالدى. سائۇل ئورنىدىن ئۆمۈلەپ قوپۇپ، كۆزلىرىنى ئاچتى. لېكىن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇلار ئۇنىڭ قوللىرىنى يېتىلەپ، ئۇنى دەمەشىققە ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئۈچ كۈنگىچە ھېچنېمە يېيەلمىدى ھەم ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

دەمەشقتە ھانانىيا ئىسىملىك بىر ئېتىقادچى بار ئىدى. رەب ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىپ: «ھانانىيا» دەپ چاقىردى. ئۇ : «ئەي رەببىم، مەن بۇ يەردە» دېدى. رەب: «تۇر ئورنۇڭدىن، تۈز كوچىسىغا بېرىپ، يەھۇدانىڭ ئۆيىدىن سائۇل ئىسىملىك تارتۇملۇق بىرىنى تاپ، چۈنكى شۇ تاپتا ئۇ دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتىدۇ. دۇئا قىلىۋاتقىنىدا، مەن ئۇنىڭغا ھانانىيا ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ كېلىپ، ئۇنىڭغا قولىنى تەگكۈزۈشى بىلەنلا، كۆزىنىڭ ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى ئايان قىلدىم» دېدى(«ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى»9- باب، 1- ۋە 2- ئايەت).

بۇ يەردە بىز ئېتىقادچىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن پاۋلۇستىن قورقىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ھانانىيا جاۋاب بېرىپ: «ئى، رەببىم، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ ئادەم ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇ يېرۇسالېمدا ساڭا ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا ئىنتايىن رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلغان! ھازىر ئۇ دەمەشىققە كېلىپ، ساڭا ئىبادەت قىلغان كىشىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ئالىي روھانىيدىن ھوقۇق ئاپتۇ» دېدى. رەب ئەيسا ئۇنىڭغا: «بېرىۋەر! مەن بۇ ئادەمنى يەھۇدىي ئەمەسلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىغا ھەم ئىسرائىللارغا مېنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزۈم تاللىدىم. مەن

ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۈچۈن جەزمەن خىلمۇ خىل جاپالارنى تارتىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىمەن» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ھانانىيا ھېلىقى ئۆيگە بېرىپ، قوللىرىنى سائۇلنىڭ ئۈچىسىغا تەگكۈزۈپ: «قېرىندىشىم سائۇل، بۇ يەرگە كېلىۋاتقىنىڭدا، يولدا ساڭا كۆرۈنگەن رەببىمىز ئەيسا، كۆزلىرىڭ ئەسلىگە كەلسۇن ۋە سېنى مۇقەددەس روھقا چۆمۈلسۇن، دەپ مېنى شەخسەن ئۆزى ئەۋەتتى» دېدى. شۇ ھامان سائۇلنىڭ كۆزىدىن بېلىق قاسرىقىدەك نەرسىلەر چۈشۈپ، كۆزلىرى ئېچىلىپ، كۆرەلەيدىغان بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلدى. تاماق يېگەندىن كېيىن، جىسمانىي قۇۋۋىتىمۇ ئەسلىگە كەلدى» («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 9- باب، 13- ئايەتتىن 19- ئايەتكىچە). پاۋلۇس: «مەن رەببىمىز ئەيسانى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن» دەيدۇ («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 9- باب، 1- ئايەت). ئۇ مەسىھنىڭ ئۆزىگە ئايان بولۇشىنى ئەيسا مەسىھ تىرىلگەندىن كېيىن، شاگىرتلىرىغا كۆرۈنگىنى بىلەن بىر قاتارغا قويىدۇ. «....... ئەڭ ئاخىرىدا ماڭىمۇ كۆرۈندى» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 15- باب، 8- ئايەت).

پاۋلۇس ئەيسا مەسىھنى كۆرۈپلا قالماستىن، ئۇ چاغدىكى ئۇچرىتىشقا تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇنىڭ خۇش خەۋەر تارقىتىشى ئۆزىنىڭ تاللىشىدىن ئەمەس. بەلكى زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بولغاندى: «خۇش خەۋەرنى تارقاتقانلىقىمغا كەلسەك، بۇنىڭ بىلەن ماختىنالمايمەن، ئەلۋەتتە، چۈنكى خۇش خەۋەرنى تارقىتىش مېنىڭ بۇرچۇم، ئۇنى تارقاتمىسام بولمايدۇ!» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 9- باب، 16- ئايەت).

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، پاۋلۇس بىلەن رەب ئەيسانىڭ ئۇچرىشىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى تەسادىپىي ۋە مۆلچەرسىز بولغاندى. «توساتتىن ئاسماندىن كۈچلۈك بىر نۇر چۈشۈپ ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى» («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 22- باب، 6- ئايەت). پاۋلۇس بۇ ئاۋازنىڭ كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيتتى. بۇ ئاۋاز ئۆزىنى مەن ناسىرەلىك ئەيسا دېگەندە ئۇ ھەيران قالغان ۋە تىترەپ كەتكەندى.

بىز بەلكىم دەمەشقتە يۈز بەرگەن ئەھۋالنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ۋە پاۋلۇسنىڭ كۆڭلىدە ئويلانغانلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمەيمىز. لېكىن شۇنى بىلىمىزكى، بۇ ۋەقە ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەر بىر بۆلىكىگە تەسىر قىلدى.

ئالدى بىلەن بۇ ئىش پاۋلۇسنىڭ خاراكتېرىنى بىر يۈز سەكسەن گرادۇس ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسىدە پاۋلۇس رەب ئەيساغا ئەگىشىشتىن ئىلگىرى رەھىمسىز، زەھەرخەندە، ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان، دىنىي رادىكالچى بولۇپ، ئۇ ناھايىتىمۇ ھاكاۋۇر ۋە ئوسال مىجەزلىك ئادەم ئىدى. ئۇ توۋا قىلىپ رەب ئەيساغا ئەگەشكەندىن كېيىن، سەۋرچان، مېھرىبان، قەتئىي ۋە ئۆزىنى باشقىلارغا ئاتىيالايدىغان بولۇپ ئۆزگەردى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. لاتۇرەت

مۇنداق دەيدۇ: «پاۋلۇسنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مىجەزىنى ئۆزگەرتكەن نەرسىنى چوڭقۇر ۋە ئىنقىلاۋىيلىقتا باي بولغان دىنىي سەرگۈزەشتە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ».

ئىككىنچى، پاۋلۇس بىلەن ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. «سائۇل دەمەشقتىكى ئېتىقادچىلارنىڭ يېنىدا بىر نەچچە كۈن تۇردى» («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 9- باب، 19- ئايەت). ھەتتا پاۋلۇس ئەلچىلەرنى يوقلاپ بارغاندا، «ئۇ ئوڭ قولى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش»كە مۇيەسسەر بولغانىدى.

ئۈچىنچىدىن پاۋلۇسنىڭ يەتكۈزگەن خەۋەرلىردە ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ گەرچە يەنىلا يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىسىنى ياخشى كۆرسىمۇ، مەسىھ ئېتىقادچىلىرىغا ئەشەددىي ئۆچمەنلىك بىلەن قارشى تۇرۇشتىن مەسىھ ئېتىقادىنى قەتئىي قوغدىغۇچى بولۇپ ئۆزگەرگەنىدى. ئۇ «ھەرقايسى جامائەتچىلىكلەردە ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا سۆزلەپ، ئۇنى خۇدانىڭ ئوغلى دېدى» (ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 9- باب، 20- ئايەت). پاۋلۇسنىڭ ئىدراكىدىكى ئېتىقادتا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭغا ئەيسانى دەل مەسىھنىڭ ئۆزى دەپ تونۇشتۇردى. بۇ پەرىسىيلىكلەرنىڭ مەسىھكە بولغان كۆز قارىشىغا تامامەن زىت ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ مەسىھكە نىسبەتەن يېڭى ئۇقۇمى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى پۈتۈنلەي يېڭىلىدى. دۇپونت ئەپەندى پاۋلۇسنىڭ «كرېستكە مىقلانغان ئادەمنىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇمكىنچىلىكنى جىددىي رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەنە قايتىدىن ئەيسانىڭ ھەقىقەتەن مەسىھ ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگەنلىكىگە، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆز ئىدىيىسىدىكى مەسىھكە نىسبەتەن كۆز قارىشىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەنلىكىگە» نىسبەتەن ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى.

يەنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ كرېست ئۈستىدىكى ئۆلۈمىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. قارىماققا خۇدانىڭ لەنىتى ۋە ھاياتلىق ئاخىرلاشقاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خۇدا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى ئۆزى بىلەن ياراشتۇرغانىدى. پاۋلۇس مەسىھنىڭ بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن كرېستتە لەنەتكە ئۇچرىغانلىقىنى («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 3- باب، 13- ئايەت)، «گۇناھسىز تۇرۇپ، بىز ئۈچۈن گۇناھكار بولغانلىقىنى» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان خەت» 5- باب، 21- ئايەت) چۈشەندى. تىرىلىش ئارقىلىق ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى غەلبە قىلىشىنىڭ تەلتۆكۈس ئاساسى بولدى. كرېست ھەرگىزمۇ بىر پۈتلىكاشاڭ ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش پىلانىنىڭ مەركىزى ئىدى. پاۋلۇس يەتكۈزگەن خۇش خەۋەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. يەنى «مەسىھنىڭ چوقۇم ئۆلۈشى كېرەكلىكى ۋە ئۆلۈمدىن چوقۇم تىرىلىشى كېرەكلىكىنى

چۈشەندۈرۈپ: «مەن سىلەرگە ئېيتقان بۇ ئەيسا دەل مەسىھنىڭ ئۆزى» دەيدۇ («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 17- باب، 3- ئايەت).

تۆتىنچى، پاۋلۇسنىڭ ۋەزىپىسىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ يەھۇدىي ئەمەسلەرنى ئۆچ كۆرىدىغان ئادەمدىن دەل شۇ يەھۇدىي ئەمەسلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئادەم بولۇپ ئۆزگەردى. ئۇ يەھۇدىي دىنىنىڭ جاھىل مۇرىتىدىن يەھۇدىي ئەمەسلەرگە خۇش خەۋەر ئەلچىسى بولدى. بىر يەھۇدىي پەرىسىيلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن پاۋلۇس يەھۇدىي ئەمەسلەرنى ئۆچ كۆرەتتى ھەم ئۇلارنى تۆۋەن تىبىقىدىكى مىللەت دەپ كەمسىتەتتى. ئۇنىڭ دەمەشىقتىكى كەچۈرمىشلىرى ئۇنى قىزغىن ئېتىقادچىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆمۈر بويى يەھۇدىي ئەمەسلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. پاۋلۇس ئۆزىگە ئايان بولغان مەسىھتىن ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغانىدى. پاۋلۇس يەھۇدىي دىنىنى قاتتىق قوغدايدىغان ھەقىقىي پەرىسىيدىن ئۆزى ئىلگىرى دەھشەتلىك قارشى تۇرۇپ باستۇرغان يېڭى ئېقىمنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندى. پاۋلۇستىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئاڭلىغان ئادەملەر ھاڭ تاڭ قېلىشتى. ئۇلار: «يېرۇسالېمدا ئېتىقادچىلارنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلغان ئادەم دەل مۇشۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىكى مەقستى ئۇلارنى روھانىيغا تۇتۇپ بېرىش ئەمەسمىدى» دېيىشىپ كەتتى («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 9- باب، 21- ئايەت).

تارىخشۇناس شاف (Philip Schaff) بۇ ھەقتە توختىلىپ: «پاۋلۇسنىڭ ئۆزگىرىشى پەقەتلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش بولۇپلا قالماستىن، بۇ يەنە ئەلچىلەر زامانىسىدىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ مۇھىم دەۋرى بولۇپ، بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىغا تەسىر قوزغىيالىغان. بۇ ئۆتۈپ كېتىش (ئورما ھېيت؟ توغرا تەرجىمە قىلىنمىغان)بايرىمىدىن كېيىنكى مۆجىزىدىن كېيىنكى، تەسىرى كۈچى ئەڭ چوڭ بولغان ۋەقە بولۇپ، بۇ ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىنى دۇنياۋى خاراكتېرلىك غەلىبىگە ئېرىشتۈردى» دەيدۇ. بىر قېتىم مەن خىيستۇن ئالىي مەكتىپىدە چۈشلۈك تاماق يەۋاتقاندا، يېنىمدا ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. بىز ئەيسا مەسىھ ئېتىقادى توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. ئۇ ئەيسا مەسىھ ئېتىقادى توغرىسىدا پەقەتلا تارىخىي ئىسپاتلار يوق دەپ سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ ئاساسلىق ئۆگەنگەن تارىخىي بىلىملىرى ئىچىدە، بىر دەرسلىكنىڭ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. ئۇمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر دەرستە ئەلچى پاۋلۇس ۋە ئەيسا مەسىھ ئېتىقادى ھەققىدە سۆزلەنگەنلىكىنى بۇ دەرسنى كۆرگەندىن كېيىن، تارسۇسلۇق سائۇلنىڭ قانداق قىلىپ ئەلچى پاۋلۇسقا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىغا ھەيران قالىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. دەرسلىكتە بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى ئېنىق سۆزلەنمىگەنىكەن. مەن ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى دېگەن كىتابنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئەيسا تىرىلگەندىن كېيىن، پاۋلۇسقا ئايان بولغانلىقىنى

Comment: ھاتا

چۈشەندۈردۈم. ئۇ پاۋلۇسنىڭ ئۆزگىرىشتىكى سەۋەبنى چۈشەنگەندىن كېيىن، مەسىھنى ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ قوبۇل قىلدى.

ئاندىرىس (Elias Andrews) مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ‹پەرىسىينىڭ پەرىسىيسى› بولغان بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىشى ئۇ ئىشەنگەن ئېتىقادنىڭ ھەقىقىي ۋە كۈچ-قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت. شۇنداقلا بۇ مەسىھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئورنى ۋە قىممىتىنى ئايان قىلىپ بەردى دەپ ئويلايمەن».

ئابەردېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ماكبرايد(Archibald MacBride) پاۋلۇسقا نىسبەتەن: «ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا...... ئالېكساندىر ۋە ناپالىيۇنلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى چېنىپ قالىدۇ» دەپ باھا بەرگەندى. كلەمىنت (Clement) پاۋلۇس توغرىسىدا: «يەتتە قېتىم قاماققا ئېلىنغان، خۇش خەۋەرنى غەرب ۋە شەرققە يەتكۈزگەن، ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن» دەيدۇ. پاۋلۇس ئۆزىمۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەن ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغانىدى. ئۇ ھەتتا بۇ ئېتىقاد ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى.

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋېست (Gilbert West) ۋە لىتىلتون (Lord Lyttleton)بىرلىشىپ ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىنىڭ ئاساسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغانىدى. ۋېست تىرىلىشنى خاتا پەلسەپە دەپ ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولغانىدى. لىتىلتون تارسۇسلۇق پاۋلۇسنى ھەرگىزمۇ ئەيساغا ئىشەنمىگەن دەپ ئىسپاتلىماقچى بولغانىدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرى ئويلاپ باقمىغان خۇلاسىگە ئېرىشىپ، ئەيسانىڭ سادىق شاگىرتىغا ئايلاندى. لىتىلتون مۇنداق يازىدۇ: «ئەلچى پاۋلۇسنىڭ توۋا قىلىشى ۋە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلىشى ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانىڭ ۋەھىيسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك پاكىت بولالايدۇ» ئۇنىڭ چىقارغان خۇلاسىسى: ئەگەر پاۋلۇس 25 يىل مەسىھ ئۈچۈن جاپا چېكىپ خىزمەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى راست بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرى ئۇ ئۆزگەرگەن كۈنىدىن باشلانغان. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى راست بولىدىغان بولسا، ئەيسا مەسىھ چوقۇم ئۆلۈمدىن ھەقىقىي تىرىلگەن. چۈنكى ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تىرىلگەن ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن ئىدى.

# 8– باب

# تىرىلدىمۇ ياكى........؟

ماراكۇ (Uruguay?) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ماڭا: «ماكدوۋېل ئەپەندى، سىز نېمە ئۈچۈن ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىنى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيسىز؟» دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭغا: «بۇ ناھايىتى ئاددىي، مەن تارىختىكى بىر قانار پاكىتلارنى يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىنى يوق قىلىۋېتەلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم.

يەتتە يۈز سائەتتىن ئارتۇق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مېنىڭ ئېرىشكەن خۇلاسەم: ئەگەر ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىشى دۇنيادىكى ئەڭ يامان، ئەڭ زەھەرخەندە ئالدامچىلىق بولمىسا، بۇ چوقۇم تارىختىكى ئەڭ مۇھىم ھەقىقەت بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

تىرىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىش «ئەيسا مەسىھ ئېتىقادى ئىشەنچىلىكمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن مەسىلىنى پەلسەپە كاتېگورىيەسىدىن تارىخىي ساھەگە باشلاپ كېلىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىدا قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان تارىخىي ئاساس بارمۇ يوق؟ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك ئىسپات بارمۇ يوق؟ تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتىكى پاكىتلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. ناسىرەلىك ئەيسا يەھۇدىيلارنىڭ بىر پەيغەمبىرى. ئۆزىنى يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابىدا ئالدىن ئېيتىلغان مەسىھ دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ تۇتقۇن قىلىنىپ، سىياسىي جىنايەتچى دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ، كرېستكە مىقلانغان. ئۇ قەبرىگە كۆمۈلۈپ ئۈچىنچى كۈنى قەبرىگە يوقلاپ بارغان ئاياللار ئۇنىڭ جەسىدىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئۇنى خۇدا ئۆلۈمدىن تىرىلدى ھەم ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن بىزگە كۆپ قېتىم كۆرۈندى دەپ جاكارلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەيسا مەسىھ ئېتىقادى پۈتۈن رىم ئىمپېرىيەسىگە تارقىلىپ، تاكى ھازىرغىچە يەنىلا داۋاملىق زور تەسىر كۈچىنى نامايەندە قىلىپ كەلمەكتە.

تىرىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىش راستىنلا يۈز بەرگەنمۇ يوق؟

## ھەزرىتى ئەيسانىڭ كۆمۈلۈشى

يەھۇدىيلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتى بويىچە ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىدى كەندىردىن توقۇلغان رەختكە ئورۇلۇپ، ھەر خىل خۇش پۇراق ماتېرىيالدىن تەييارلانغان تەخمىنەن يۈز قاداق كېلىدىغان شىلىمشىق دورا چېپىلغانىدى.

جەسەت قەبرىگە قويۇلغان، ئاندىن لەشكەرلەر تەخمىنەن ئىككى توننا ئېغىرلىقتىكى يۇمىلاق تاشنى دومىلىتىپ كېلىپ، قەبرە ئېغىزىنى ئېتىپ قويغان.

قەبرىنى مۇنتىزىم تەربىيە ئالغان رىم ئەسكەرلىرى ساقلىغان بولۇپ، قاتتىق بولغان جازالىنىش تۈزۈمى ئۇلارنى ناھايىتى سەگەك قىلىۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ يېرىم كېچىدە ئۇلار ئالاھىدە سەگەك تۇراتتى. قاراۋۇللار باشقىلارنىڭ قالايمىقانچىلىق چىقىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قەبرىنىڭ ئاغزىنى رىم ئىمپېرىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تامغا بىلەن پېچەتلىگەنىدى. ئەگەر قەبرە ئېغىزى يۆتكەلسە، پېچەت بۇزۇلۇپ كېتەتتى. بۇ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىغا دەخلى-تەرۇز قىلغانلىق بولاتتى.

لېكىن قەبرە ھەقىقەتەن بوش بولۇپ، جەسەت يوق ئىدى.

## بوش قەبرە

ھەزرىتى ئەيساغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئاللىقاچان تىرىلدى دەپ جاكارلاشتى. ئۇلار 40 كۈن ئىچىدە، ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىر قانچە قېتىم ئۇزلىرىگە ئايان بولۇپ، نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن تىرىك ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغانلىقى ھەققىدە سۆزلەشتى. (بەزى تەرجىملەردە خاتاسىز پاكىتلار بىلەن دەپ ئېلىنىدۇ) ئەلچى پاۋلۇس ھەزرىتى ئەيسانىڭ بىرلا ۋاقىتتا 500 ئادەمگە ئايان بولغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ ئەينى چاغدا ھايات بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىسپات بولالايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگەنىدى.

رامساي مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ تىرىلگىنىگە ئىشىنىشىمدىكى سەۋەب شۇكى بۇ يەردە چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان پاكىتلار مەۋجۇت». بوش قەبرە پاكىتىدىن «كىشىلەر ھەقىقەتەن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ». ئالساس مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «ئەگەر ئۇ بوش قەبرە ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئىسپاتلانمىغان بولسا، تىرىلىش دېگەن بۇ سۆز يېرۇسالېمدا سۆزلىنىپ يۈرمىگەن بولاتتى».

مائېر خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز بارلىق پاكىتلارنى دەلىللىسەك ياكى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرسەك، تارىخىي تەتقىقاتنىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسەن، ھەزرىتى ئەيسانىڭ قەبرىسى، ئۇ تىرىلگەن كۈنى سەھەردىلا ھەقىقەتەن بوش، تاكى ھازىرغىچە ھېچقانداق ماتېرىيال ياكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بۇ ئىسپاتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىغىنى يوق».

ئۇنداقتا بىز بۇ بوش قەبرىنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟بۇنى تەبىئىي سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولامدۇ؟

سان–ساناقسىز تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن ئېتىقادچىلار ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلگىرى زامان ۋە ماكان دائىرىسى ئىچىدە خۇدانىڭ تەبىيەتتىن ھالقىغان كۈچ-قۇدرىتى ئارقىلىق، ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ئاسان ئەمەس. بۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغانلار دۇچ كېلىدىغان قىيىن سوئاللار تېخىمۇ زور بولىدۇ.

ھەزرىتى ئەيسا تىرىلگەندىن كېيىن، قەبرىنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىش ناھايىتى زۆرۈر. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چاپلىغان پېچەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش دېگەنلىك، بۇ ئىشنى قىلغان كىشىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى كرېستكە مىقلىنىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. يوغان تاش قەبرىدىن سەللا ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىلگەن. قارىماققا خۇددى بىرى يۆتكەپ قويغاندەكلا، قەبرىگە قاراشقا قويۇپ قويغان قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتكەن. جۇستىن ئۆز قانۇنىنىڭ 49، 16– ماددىلىرىدا 18 تۈرلۈك جىنايەت پوستا قويۇلغان قاراۋۇللارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنىڭ ئاساسى بولىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا ئۇخلاپ قېلىش ياكى ئورنىدىن خالىغانچە ئايرىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرنەچچە ئايال قەبرىگە كېلىپ، قەبرىنىڭ بوش ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇلار قانداق قىلىشىنى بىلمەي، بۇ ئىشنى باشقىلارغا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن پېترۇس بىلەن يۇھاننا قەبرىگە يۈگۈرۈپ باردى. يۇھاننا ئالدى بىلەن قەبرىگە كېلىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىچىگە كىرمىدى. ئۇ كەندىردىن توقۇلغان رەختنىڭ ئۇ يەردە تۇرغانلىقىنى، ئازراق پۈرلاشقان بولسىمۇ، ئىچىنىڭ بوشلىقىنى كۆردى. مەسىھنىڭ تېنى ئاللىقاچان بۇ يەردىن ئايرىلىپ، يېڭى تەنگە ماكانلاشقانىدى. ئەگەر سىز بۇ ۋەقەگە سەممىيلىك بىلەن يۈزلەندىغان بولسىڭىز، سىزمۇ ئىشەنمەي تۇرالمايسىز.

تەبىئىي سەۋەبلەر ئارقىلىق تىرىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشنى چۈشەندۈرىدىغان ئاساسلار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەمما بۇلار تىرىلىشتىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى قوللاش رولىنى ئوينايدۇ.

## قەبرىنى خاتا تېپىپ قالغانمىدۇ؟

لاك (Kirsopp Lake) قەبرىدىكى جەسەت يوقاپ كېتىپتۇ دېگەن ئايااللار، ئەمەلىيەتتە قەبرىنى خاتا تاپقان دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، قەبرىنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن شاگىرتلارمۇ چوقۇم خاتالاشقان بولىدۇ. لېكىن بىز بىر نۇقتىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىزكى قەبرىگە قاراۋاتقان رىم قاراۋۇللىرى، جەسەتنىڭ ئوغرىلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇداپىئەدە تۇرغان يەھۇدىي رەھبەرلىرى ھەرگىز خاتالاشمايدۇ. رىم لەشكەرلىرىنىڭ خاتالىششى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئۇ يەردىن كېچە–كۈندۈز ئايرىلمىغان.

ئەگەر قەبرە خاتا تېپىلىپ قالىدىغان بولسا، يەھۇدىي مولللىرى دەرھال توغرا قەبرىدىن جەسەتنى چىقىرىپ بەرگەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەيسا تىرىلدى دېگەن سۆزمۇ دەرھال توختاپ قالار ئىدى.

يەنە بىر چۈشەندۈرۈش شۇكى ھەزرىتى ئەيسا تىرىلىپ ئايان بولدى دېيىش ئەمەلىيەتتە پەقەت خىيال ياكى تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت دېيىشتۇر. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش پسىخىكا جەھەتتىكى پرىنسىپنى ئاساس قىلمىغان. شۇنداقلا تارىخىي شارائىت ۋە شاگىرتلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالىغا قىلچە ماس كەلمىگەن.

ئۇنداقتا جەسەت زادى نەدە؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار جەسەتنى تاپالمايدۇ؟

## بېخوشلۇق نەزەرىيىسى

بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرى ۋېنتۇرىنى (Venturini) بۇ خىل نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر نۇرغۇن ئادەملەر يەنىلا بۇنى قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بېخوشلۇق نەزەرىيىسىدە ھەزرىتى ئەيسا ئەينى چاغدا ئۆلمىگەن. ئۇ قان كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ھوشىدىن كەتكەن. ھەم ئادەملەر ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلىغاچقا، ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلگەن دەپ ئويلاپ قالغان دېيىلىدۇ.

سكېپتىسىزىمچى (گۇمانخورلار) ستراس (David Fredrich Strauss) ئۆزى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگىنىگە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ بېخوشلۇق نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «يارىلىنىپ چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان ئادەم باشقىلار تەرىپىدىن قەبرىدىن ئوغرىلانغاندىن كېيىن، ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. ئۇ داۋالىنىشقا، تاڭدۇرۇشقا، كۈتۈلۈشكە مۇھتاج بولىدۇ. مۇشكۈلچىلىككە پاتقان ئادەم ھەرگىزمۇ ئۆز شاگىرتلىرى تەرىپىدىن «ئۆلۈمنى ۋە قاراڭغۇلۇقنى يېڭىپ چىققان رەب بولىدۇ» دېگەن قارارنى چىقارغۇزالمايدۇ. ئەمما بۇ دەل ئۇلارنىڭ خۇش خەۋەر يەتكۈزىشىدىكى ئۇل تېشى بولۇپ قالغان. ئەگەر بۇنداق ئويغىنىش بولىدىغان بولسا، شاگىرتلارغىمۇ كۆپ تەسىر قىلالمايدۇ. كۆپ بولغاندىمۇ ھېسسىداشلىق تۇيغىسىدا بولالايدۇ، خالاس. لېكىن ئۇلارنىڭ قايغۇسى ھەرگىزمۇ قىزغىنلىققا ئايلىنالمايدۇ. ھۆرمەتكە تولغان قەلبى سەجدە قىلىشقا ئۆزگىرەلمەيدۇ».

## جەسەت ئوغرىلانغانمۇ؟

يەنە بىر خىل نەزەرىيە شاگىرتلار قاراۋۇللار ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، جەسەتنى ئوغرىلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېيىشتىن ئىبارەت. لېكىن شاگىرتلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چۈشكۈنلۈشى ۋە قورقۇنچاقلىقىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ قانداقسىگە بۇنداق باتۇرلۇق قىلىپ، قاراۋۇللارنىڭ قولىدىن جەسەتنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش بەكمۇ تەس. ئۇلار ئۇنداق چۈشكۈنلۈك ئىچىدە بۇنداق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئاندىرسون (J·N·D·Anderson) ئىلگىرى ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات شۆبىسىنىڭ شەرق قانۇنلىرى تارمىقىنىڭ رەئىسى، ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئالىي قانۇن تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئۇ شاگىرتلارنىڭ جەسەتنى ئوغرىلاپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بىزنىڭ ئۇلارغا بولغان تونۇشىمىز بىلەن

پۈتۈنلەي زىت. يەنى: ئۇلارنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى، تۇرمۇش ئۆلچىمى ۋە قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندىكى پوزىتسىيىسىگە پۈتۈنلەي زىت. ئۇلارنىڭ ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاچقان ھالىتىدىن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان گۇۋاھچىلارغا ئايلانغانلىقىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ.

باشقىلارنىڭ يەھۇدىي ياكى رىم ئەمەلدارلىرى مەسىھنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ ئېلىپ كەتكەن دەيدىغان سۆزلىرىگە كەلسەك، بۇ خىل كۆز قاراش پەقەت ئاقىلانە ئەمەس. ئەگەر ئەمەلدارلار جەسەتنى يوشۇرۇپ قويغان بولسا ياكى قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلسە، شاگىرتلار يېرۇسالېمدا تىرىلىش توغرىسىدا گەپ تارقاتقان ۋاقىتتا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرمايدۇ؟

ئەگەر جەسەتنى راستىنلا ئۇلار يۆتكەپ كەتكەن بولسا، ئۇلار جەسەتنىڭ نەدىلىكىنى نېمە ئۈچۈن دەپ بېرەلمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار جەسەتنى چىقىرىپ، ياغاچ ھارۋىغا سېلىپ، شەھەرنى بىر ئايلاندۇرۇپ، ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرمايدۇ؟ بۇ خىل ئەھۋال ئارقىلىق ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ دوكتۇر مونتگومېري (Dr. John Warwick Montgomery)تەنقىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «دەسلەپكى ئېتىقادچىلارنى پەقەت باشقىلار ئەيسا مەسىھنىڭ جەسەتنى چىقىرىپلا بەرسە، ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدىغان يالغان ھېكايىسىنى تارقاتتى، دېيىشى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ».

## تىرىلىشنىڭ پاكىتلىرى

ئارنولد (Thomas Arnold)14 يىل مەكتەپ مۇدىرى بولغان ھەم 3 توملۇق داڭلىق ئەسەر «رىم تارىخى» نىڭ ئاپتورى. ئۇ ئەنگىلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. تارىخىي پاكىتلارنى دەلىللەشنى تەتقىق قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ يىللاردىن بېرى مەن باشقا دەۋرلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ كەلدىم. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى باھالىدىم ۋە ئۆلچىدىم. مېنىڭ بىلىشىمچە ئىنسانىيەت تارىخىدا، ھېچقانداق بىر ئەمەلىيەت توغرىسىدىكى پاكىت، خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن ئۇلۇغ بەلگىسىدەك، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشىدەك بۇنداق تولۇق بولالمىغان».

ئەنگىلىيىلىك تەتقىقاتچى ۋېستكوت (Brook Foss Westcott) مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە پاكىتلارنى يىغىپ كەلگەندە، پاكىتلارنىڭ تولۇق ۋە ھەر تەرەپلىملىكىگە نىسبەتەن، ھەرقانداق تارىخ پاكىتلار ئەيسانىڭ تىرىلىشى ھەققىدىكى پاكىتقا قارىغاندا كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىنكار قىلىشتىكى بىردىن-بىر ئۇسۇل، ئۇنىڭدىكى پاكىتلارنى قوبۇل قىلماي، ئالدىن ھۆكۈم چىقىرىش بولىدۇ».

دوكتۇر گرېنلىف (Greenleaf) ئامېرىكىدىكى نوپۇزلۇق قانۇنشۇناس بولۇپ، ئۇ ئەنگىلىيە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن مەركىزىنىڭ پروفېسسورى بولغان. نوتس (H·W·H· Knotts) ئەپەندى «ئامېرىكىدىكى داڭلىق شەخسلەر قامۇسى»دا مۇنداق

دەيدۇ: «ستوري(Story) ۋە گرېنلىفنىڭ كۆچى بىلەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن مەركىزى ئامېرىكىدىكى داڭلىق قانۇن مەركەزلىرى ئىچىدە نامى داڭلىق بولۇۋاتىدۇ». گرېنلىف خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس بېرىۋاتقاندا، بىر كىتاب يېزىپ، ئەلچىلەرنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلىشىگە بەرگەن گۇۋاھلىقىنىڭ قانۇنى قىممىتىنى باھالىغاندى. ئۇنىڭ كۆزىتىشىگە ئاساسەن «ئەگەر ئەيسا مەسىھ راستىنلا ئۆلۈمدىن تىرىلگەن بولسا ياكى شاگىرتلار بۇ ئىشنى راستىنلا بىلمىگەن بولسا، ئۇلار خۇددى باشقا پاكىتلارنى ئېنىق بىلگىنىگە ئوخشاش، ئۆزلىرى بايان قىلغان بۇ ئىشلاردا قەتئىي چىڭ تۇرمىغان بولاتتى.» شۇڭا گرېنلىف خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سوتنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللەش تەرتىپىگە ئاساسلانغاندا، ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلىشى تارىختا ئەڭ كۆپ ئىسپاتلارنى ئارقا تېرەك قىلغان ۋەقەلەرنىڭ بىردۇر».

يەنە بىر مورىسون (Frank Morrison) ئىسىملىك ئادۋوكات ئىلگىرى تىرىلىشنى قوللايدىغان پاكىتلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىيىتىدە بولغاندى. ئۇنىڭچە ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھاياتى گۈزەللىك ئىچىدە تەسۋىرلەنگۈسىز ئىدى. بىراق تىرىلىش ئىشىغا كەلگەندە، بەزىلەر بۇ ئىشنى رىۋايەتلەشتۈرۈۋەتكەن دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ ئەيسانىڭ ھايات چېغىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە كۈندە يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەتقىق قىلىشنى پىلانلىدى. ئەلۋەتتە ئۇ تىرىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئىزدەنگەندىلا ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلىشى ھەققىدىكى ھېكايىنى يوقاتقىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. ھالبۇكى ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇن ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە تەربىيىلىنىشىگە ئاساسەن، پۈتكۈل ۋەقەلىككە يۈزلەنگەندە، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەسلىدىكى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلدى. كېيىن ئۇ «كىم ئۇ تاشنى يۆتكىۋەتكەن» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى. بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بابى «يازمىسام بولمايدۇ» دېگەن تېما بولۇپ، قالغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلىشى ھەققىدىكى پاكىتلارنى ھالقىلىق مۇزاكىرە قىلغان.

لادد مۇنداق دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ: «بۇ تارىخىي پاكىتلارنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق بولغان بىردىن-بىر چۈشەندۈرۈلۈشى شۇكى خۇدا ھەقىقەتەن ئەيسا مەسىھنى تەن شەكلىدە تىرىلدۈردى» بۈگۈنكى كۈندىكى ئەيسا مەسىھنىڭ ئېتىقادچىلىرىمۇ خۇددى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئېتىقادچىلارغا ئوخشاش جەزىملەشتۈردىكى بىزنىڭ ئېتىقادىمىز ھەرگىزمۇ رىۋايەت ياكى چۆچەكلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلمىغان، بەلكى ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلىشى ۋە بوش قەبرىنىڭ تارىخىي پاكىتىغا ئاساسلانغان.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى بۈگۈنكى ئېتىقادچىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا، ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىك كۈچ-قۇدرىتىنى نامايەندە قىلالايمىز. ئالدى بىلەن ئۇلار ئۆز گۇناھىنىڭ ئاللىقاچان كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى بىلىدۇ. ئىككىنچىدىن ئۆزىدە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق بار ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭمۇ قەبرىدىن تىرىلىپ قوپىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن ئۇلار ئەھمىيەتسىز تۇرمۇشتىن

قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە يېڭىلىپ، ئۆزگىرىپ، يېڭىدىن يارالغان ئادەم بولىدۇ.

سىزنىڭ باھايىڭىز ۋە قارارىڭىز قانداق؟ سىزنىڭچە بوش قەبرىنىڭ سىزگە نىسبەتەن ئەھمىيىتى بارمۇ؟ قانۇن نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش سوتچىسى دارلىڭ (Lord Darling) مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: «مەيلى ئىجابىي تەرەپتىن ياكى سەلبىي تەرەپتىن، ئەمەلىيەت ياكى ئىسپاتلانغان پاكىتلاردىن قارىغاندىمۇ، دۇنيادىكى ئادىل بولغان زاسېداتىللارنىڭ ھەممىسى تىرىلىش ئىشى ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن دەپ بېكىتىدۇ».

# 9– باب
# ھەقىقىي مەسىھنى ئۆرنىدىن تۇرغۇزغىلى بولامدۇ؟

ھەزرىتى ئەيسا نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان پاكىتلار ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مەسىھ (قوتقۇزغۇچى)، خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇ بابتا مەن دائىم سەل قارىلىدىغان، لېكىن ناھايىتى مۇھىم بولغان پاكىت—— ئالدىن بېرىلگەن بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

ھەزرىتى ئەيسا نۇرغۇن قېتىم كونا ئەھتىدىكى ئالدىن بېرىلگەن بېشارەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ سالاھىيىتىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. «گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 4- باب 4- ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ۋاقتى كەلگەندە، خۇدا ئۆز ئوغلىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئايال تەرىپىدىن قانۇننىڭ ئاستىغا تۇغۇلىدۇ» بىز بۇ يەردە ئەيسا مەسىھتە ئەمەلگە ئاشقان ئالدىن بېشارەتنى كۆرەلەيمىز. «شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئالدىن ئېيتقان ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئۇلارغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويدى» («لوقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 24- باب، 27- ئايەت). ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «بۇ ئىلگىرى سىلەر بىلەن بىللە بولغان چېغىمدا سىلەرگە ئېيتقان سۆزۈم: مۇسانىڭ قانۇنلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرى ۋە زەبۇردا ئېيتىلغان ماڭا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى (44–ئايەت). ئۇ يەنە: «ئەگەر سىلەر مۇساغا ئىشەنسەڭلار، ماڭىمۇ ئىشىنىشىڭلار كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ يازغانلىرىدا مەن توغرۇلۇق سۆز بار» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 56- ئايەت). شاگىرتلار ۋە ئىنجىلنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ھەممىسى توختىماستىن ئالدىن بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئەيسا مەسىھنىڭ سالاھىيىتىنى قوللاپ، ئۇنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى، قۇتقۇزغۇچى، مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. «خۇدا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق مەسىھنىڭ ئازاب–ئوقۇبەت تارتىدىغانلىقىنى جاكارلىغان، مانا بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشتى» («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 3-باب، 18-ئايەت). «پاۋلۇس ئادىتى بويىچە 3 دەم ئېلىش كۈنى ئۇدا ئىبادەتخانىغا بېرىپ، مۇقەددەس كىتاب بويىچە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، مەسىھنىڭ چوقۇم ئازاب تارتىشى، ئۆلۈمدىن تىرىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرگە گېپىنى قىلغان، بۇ ئەيسا دەل مەسىھنىڭ ئۆزى» («ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى» 17-باب، 2- ۋە 3- ئايەت). «مەن قوبۇل قىلغان ئەڭ

مۇھىم تەلىمنى سىلەرگە يەتكۈزدۈم (باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلىشى تەۋراتتا ئالدىن ۋەھيي قىلىنغان) مۇقەددەس كىتابتا ئالدىن ئېيتىلغاندەك، ئەيسا مەسىھ گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن قۇربان بولدى. ئۇ كۆمۈلۈپ ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا ئۆلۈمدىن تىرىلدى» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت» 25-باب، 3-، ۋە 4- ئايەت).

تەۋراتتا 60 يەردە مەسىھكە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئالدىن بېشارەت. 270 يەردە مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەيسا مەسىھتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ بېشارەتلەردە كۆرسىتىلگىنى دەل ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى ئىدى. سىز بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمى ۋە نامىڭىزنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ باقمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن — ھالبۇكى مانا بۇنىڭ ئۆزى سىزنى يەر شارىدىكى باشقا 10 مىليارت ئادەمدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان قائىدە.

**تارىخنىڭ جاكارىسى**

خۇدا تارىختا تېخىمۇ تەپسىلىي جاكارلاشلىرى بىلەن ئۆز ئوغلى، بۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىنى تارىختىكى بارلىق باشقا ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن — مەيلى ئۆتمۈشتىكىسى بولسۇن، ھازىرقىسى بولسۇن ياكى كەلگۈسىدىكى بولسۇن ئايرىپ چىقتى. بۇ «جاكار»نىڭ مەزمۇنىنى بىز كونا ئەھدىدىن تاپالايمىز. بۇ تارىخىي ماتېرىيال مىڭ يىل ئىچىدە يېزىلىپ پۈتكەن. ئۇنىڭ كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر 300دىن ئارتۇق جايدا بار.

بارلىق ئالدىن بېشارەتلەرنىڭ بىرلا ئادەمدە ئەمەلگە ئېشىشى مۆرەككەپ بىر ئىش. بۇنىڭغا يەنى مەسىھكە مۇناسىۋەتلىك بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ كېلىشتىن 400 يىل بۇرۇن يېزىلىپ بولغانلىقىنى قوشساق، مەسىلە تېخىمۇ مۆرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. بەزى ئادەملەر بۇ بېشارەتلەرنى ئەيسا كەلگەندىن كېيىن قىستۇرۇلغان دەپ قارشى چىقىشىدۇ. بۇ ئاڭلىماققا مۇمكىنچىلىكى بار ئىشتەك بىلىنىدۇ. لېكىن، سىز كونا ئەھدىنىڭ ئىبرانىي يېزىقىنىڭ رەبتىن ئىلگىرى 150-200 يىللىرىلا 70تىن ئارتۇق گرېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بولغانلىقىنى بىلگىنىڭىزدە، بۇ خىل قاراش پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. بۇ گرېك تىلىدىكى نۇسخىلار شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدىكى بېشارەتلەر خاتىرىلىنىپ مەسىھتە ئەمەلگە ئاشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئاز دېگەندىمۇ 200 يىل ۋاقىت ئۆتكەن.

خۇدا تارىختا يېزىپ قالدۇرغان «جاكار» نى پەقەتلا مەسىھ ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. تەخمىنەن قىرىقتەك ئادەم ئۆز–ئۆزىنى يەھۇدىيلارنىڭ مەسىھى دەپ ئاتىۋالغان. لېكىن، پەقەتلا ئەيسا مەسىھ ئالدىن بېشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلىغان. پەقەتلا ئۇلا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە ماس كېلىدىغان ھاياتنى كەچۈرەلىگەن. ئۇنداقتا بۇ جاكارنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ خۇدانىڭ ئوغلى ئايان بولغان ئەينى چاغدا ۋە ئىلگىرى قانداق ئىشلار يۈز بەرگەن؟

بىز «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 3- باب، 15- ئايەتكە كېلەيلى. بۇ يەردە مەسىھكە مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى بېشارەت بار. پۇتكۇل مۇقەددەس كىتابتا پەقەتلا بىرلا ئادەم «ئايالنىڭ ئەۋلادى» بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھەممەيلەن ئەرنىڭ ئەلادلىرى بولىدۇ. ئۇ دەل مۇشۇ دۇنياغا كېلىپ، شەيتاننىڭ بېشىغا دەسسەپ «ئۇنى يارىدار قىلغۇچىدۇر».

«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 9- ۋە 10- بابلاردا، خۇدا دائىرىنى تارايتقان. نوھنىڭ سام، ياپەت ۋە هام دەپ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۈچەيلەننىڭ ئەلادلىرى. لېكىن خۇدا بۇ يەردە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، مەسىھ كەلگۈسىدە سامنىڭ ئەۋلادىدىن كېلىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. مۇشۇنداق بولغاندا قالغان ئىككەيلەننىڭ ئەلادلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق بولىدۇ. كېيىن، مەسىھتىن ئىلگىرىكى 2000– يىللاردا، خۇدانىڭ كەلدانىلارنىڭ زېمىنى بولغان ئۇر دېگەن شەھەردە ياشاۋاتقان ئىبراھىم ئىسىملىك بىرىنى تاللىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ يەردە خۇدا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ، مەسىھنىڭ ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىدىن چىقىدىغانلىقىنى ئايان قىلدى. يەر يۈزىدىكى بارلىق مىللەتلەر ئىبراھىم ئارقىلىق بەختكە ئېرىشەتتى. خۇدا ئىبراھىمنىڭ ئىككى ئوغلى ئىسھاق ۋە ئىسمائىلنىڭ ئىچىدىن ئىككىنچى ئوغلى ئىسھاقنى تاللىدى. بۇنىڭ بىلەن دائىرە يەنە بىر قەدەم تارايدى.

ئىسھاقنىڭ ئىككى ئوغلى ياقۇپ ۋە ئەساھنىڭ ئىچىدىن خۇدا ياقۇپنىڭ ئەلادلىرىنى تاللىدى. ياقۇپنىڭ 12 ئوغلى ئىسرائىللارنىڭ 12 قەبىلىسى بولدى. خۇدا بۇلارنىڭ ئىچىدىن يەھۇدا قەبىلىسىنى تاللاپ، قالغان ئون بىر قەبىلىنى بىر چەتتە قالدۇردى. يەھۇدا قەبىلىسىدىكى نۇرغۇن ئائىلىلەر ئىچىدە، خۇدا يېسى ئائىلىسىنى تاللىدى. بىز بۇ يەردە ئېھتىماللىقنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يېسىنىڭ سەككىز ئوغلى بولۇپ، «سامۇئېل پەيغەمبەرنىڭ ئىككىنچى كىتابى» 7- باب، 12- ئايەتتىن 16- ئايەتكىچە ۋە «يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى» 23- باب، 5- ئايەتتىن بىز خۇدانىڭ يېسى ئائىلىسىنىڭ سەككىزدىن يەتتىسى قىسقارتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىز خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ ئاياڵنىڭ ئەۋلادى بولۇپلا قالماستىن، يەنى سام قوۋمىنىڭ ئەۋلادى، ئىبراھىم، ئىسھاق، ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرى، يەھۇدا قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان داۋۇد ئائىلىسىدىن چىقىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

مەسىھتىن ئىلگىرىكى 1012– يىلىدىكى بىر بېشارەتتە، بۇ ئادەمنىڭ پۇت قوللىرىنىڭ تېشىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن. مۇنداق بېشارەت ئاخىرى رىم لەشكەرلىرىنىڭ قولىدا ئەمەلگە ئاشتى.

«يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى» 7- باب، 14- ئايەتتە ئۇنىڭ توي قىلمىغان پاك قىزدىن تۇغۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بېرىلگەن. تەبىئىي بولمىغان

هاملدارلىقتىن كېيىنكى تەبىئىي بوشنىش ھېچقانداق ئادەمنىڭ پىلانى ۋە كونتروللۇقى بىلەن بولمىغان. يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى ۋە زەبۇردا خاتىرىلەنگەن بىرقانچە بېشارەت خۇدانىڭ ئوغلىنىڭ ياشايدىغان جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىنكاسى توغرىسىدا بولغان: يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا قارشى چىقىدۇ، يەھۇدىي ئەمەسلەر ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر يول باشلىغۇچى كېلىدۇ («يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى» 40- باب، 3- ئايەت؛ «مالاكى پەيغەمبەرنىڭ كىتابى» 3- باب، 1- ئايەت). باياۋاندىكى ئاۋاز مەسىھكە تەييارلانغان ئاۋاز، مەسىھكە تەييارلانغان يول دەل چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا ئىدى.

## ئوتتۇز تەڭگە

يەنە بىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئالدىن بېشارەت («زەكەرىيە پەيغەمبەرنىڭ كىتابى» 11- باب،11- ئايەتتىن 13- ئايەتكىچە ؛ «زەبۇر» 41-؛ «يەرەمىيا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى» 32- باب، 6- ئايەتتىن 15 ئايەتكىچە؛ «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 27- باب، 3- ئايەتتىن 10- ئايەتكىچە قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىڭ). يەتتە شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلار دائىرىنى تېخىمۇ كىچىكلەتكەن. بۇ يەردە خۇدا مەسىھ بولغۇچىنىڭ (1) دوستى تەرىپىدىن (2) 30 دانە (3) كۈمۈش تەڭگىگە (4) سېتىلىپ (5) بۇ پۇل ئىبادەتخانىغا (6) چېچىۋېتىلىپ، كېيىنچە بۇ پۇلغا (7) خورازچىنىڭ ئېتىزىنى سېتىۋالىدىغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى ئېنىق بېشارەت بېرىلگەن.

«مىكا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى» 5– باب 2– ئايەتتە خۇدانىڭ نوپۇسى مىڭغا يەتمەيدىغان بەيتلەھەمنى دۆلەتلەر ئارىسىدىن تاللاپ، مەسىھنىڭ تۇغۇلىدىغان جايى قىلىدىغانلىقى ئالدىن بېشارەت قىلىنغان.

يەنە بىر قاتار ئالدىن بېشارەتلەر ئارقىلىق ۋەقەلىكنىڭ يۈز بېرىش تەرتىپىمۇ بېكىتىلگەن: مەسىلەن «مىكا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى» 3- باب، 1-ئايەت ۋە تەۋراتتىكى تۆت ئايەتتە مەسىھنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانا تېخى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتدا كېلىدىغانلىقى ئالدىن بېشارەت قىلىنغان. بۇ بىزنىڭ ناھايىتى دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. چۈنكى بىز بىلىمىزكى مۇقەددەس ئىبادەتخانا مەسىھتىن كېيىنكى 70– يىلى ۋەيران بولغىنىچە كېيىن قايتا قۇرۇلۇپ چىقىلمىدى.

توغرا بولغان ئائىلە نەسەبى: ئورۇن، ۋاقىت، تۇغۇلغاندىكى ئەھۋاللار، كىشىلەرنىڭ ئىنكاسى، ئۇنىڭ سېتىلىشى، ئۆلگەندىكى ئەھۋال قاتارلىقلار پەقەت ساناقسىز بېشارەتلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى بولۇپ، كىشىلەرگە بۇ «جاكار»لار ئارقىلىق كىمنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى، مەسىھ ۋە ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇتىدۇ.

## قارىمۇقارشىلىق: ئالدىن بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى پەقەت بىر تاسادىپىيلىق

«ئەمەلىيەتتە بەزى ئالدىن بېشارەتلەر كېننېدي (Kennedy) ۋە كىڭ (King) ناسسېر (Nasser) قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىمۇ ئەمەلگە ئاشتىغۇ؟» دېدى، بىر ئادەم تەنقىت قىلىپ. توغرا، سىز بىر ياكى ئىككى ئوخشاش بېشارەتنىڭ باشقا ئادەملەردە ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى تاپالايسىز. لېكىن 60 ئاساسلىق بولغان ئالدىن بېشارەت ۋە 270 مۇناسىۋەتلىك ئالدىن بېشارەتنىڭ بىرلا ئادەمدە ئەمەلگە ئېشىشى ئاسان بولمىغان بىر ئىش. ئەمەلىيەتتە ئەيسا مەسىھتىن باشقا، ئەگەر ھەرقانداق بىر ئادەمدە —— مەيلى ئۇ ئۆلگەن ياكى تىرىك بولسۇن. مىلداۋ ئەپەندىنىڭ «ئىككى ئەھتە ئوتتۇرىسىدىكى مەسىھ» دېگەن كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىسىڭىز، سىز ئەيسا مەسىھ ئېتىقادى غەلىبە نەشرىياتى ئالدىن تەييارلىغان بىر مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئالالايسىز.

ئامېرىكا پەن—تېخنىكا جەمئىيىتىدىكى (American Scientific Affiliation) خارتزلېر (H· Harold Hartzler)، ستۇنېر (Peter· W·Stoner) ئەپەندى يازغان كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئامېرىكا پەن—تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس كىچىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى «ئىلىم—پەن سۆزلەيدۇ» دېگەن كىتابنىڭ قول يازمىسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. بىر پۈتۈنلۈك جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ كىتابتا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئىشەنچلىك، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئېھتىماللىق پرىنسىپى بويىچە ئېلىنغان ماتېماتىكىلىك ئانالىزلارمۇ خېلىلا ئاساسقا ئىگە. پروفېسسور ستونېر ئەپەندى بۇ پرىنسىپلارنى ناھايىتىمۇ مۇۋاپىق ۋە قايىل قىلارلىق قوللانغان».

تۆۋەندىكى ئېھتىماللىق سانلىرى بۇ كىتابتىن ئېلىنغان بولۇپ، ئېھتىماللىق خۇلاسىلىرى ئارقىلىق تاسادىپىيلىقنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئىنكار قىلىنغان. ستونېر ئەپەندى ھازىرقى زامان ئېھتىماللىق ئىلمىي نۇقتىسىدىن مۇقەددەس كىتابتىكى سەككىز دانە ئالدىن بېشارەتنى ئېلان قىلدى.

ستونېر ھازىرقى زامان ئېھتىماللىق ئىلمىنىڭ نۇقتىسىدىن مۇقەددەس كىتابتىكى 8 خىل ئالدىن بېشارەتكە نىسبەتەن «ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئالدىن بېشارەتلەر ئىچىدىكى 8 خىل بېشارەتنىڭ تەلتۆكۈس ئۆزىدە ئەمەلگە ئېشىش پۇرستى 100،000،000،000،000،000 دەن بىر بولىدۇ» دەپ ئېلان قىلدى. ستونېر بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنىڭ بەكمۇ ئاجىزلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈردى: «ئەگەر بىز 100,000,000,000,000,000 دانە كۈمۈش تەڭگىنى تېكساس شتاتىغا تىزىپ چىقساق، بۇ شتاتنىڭ ھەر بىر سۇڭ تۇپرىقىدا ئىككى چى ئېگىزلىكتە كۈمۈش تەڭگە بولىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كۆمۈش تەڭگىنى ئېلىپ،

ئۇنىڭغا بەلگە قويغاندىن كېيىن، يەنە ئۇنى جايىغا قويۇپ قويايلى، ئاندىن شتاتتىكى ھەممە كۆمۈش تەڭگىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتەيلى، بىر ئادەمنى تېپىپ كېلىپ، كۆزلىرىنى تېڭىپ، بەلگە قويۇلغان كۈمۈش تەڭگىنى تاپقۇزۇپ باقايلى، ئۇنىڭ بۇ تەڭگىنى تېپىش پۇرستى زادى قانچىلىك بولىدۇ؟ ئەگەر پەيغەمبەرلەر ئۆزىنىڭ ئەقىل-ئىدراكىغا تايىنىپ، بۇ ئالدىن بېشارەتلەرنى يازغان دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئۇلار ياشىغان زاماندىن تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە، بارلىق بېشارەتلەرنىڭ بىر ئادەمدە ئەمەلگە ئېشىش پۇرستى يۇقىرىقى مىسالدا ئىپادىلەنگەن پۇرسەت بىلەن باراۋەر بولىدۇ».

بۇ يەردە ئىككى خىل مۇمكىنچىلىك بار: يەنى بۇ بېشارەتلەر پۈتۈنلەي خۇدانىڭ ۋەھىسى ئارقىلىق كەلگەن. يەنى بىرى بۇ بېشارەتلەر پۈتۈنلەي پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوي-پىكرى بويىچە يېزىپ قالدۇرغان. مۇشۇنداق بولغاندا، ئالدىن بېشارەتلەرنىڭ ھەر بىر ئادەمدە ئەمەلگە ئېشىش پۇرستى 100,000,000,000,000,000 دەن بىر ئۈلۈش بولىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھتە ئەمەلگە ئاشتى».

«بۇ دېگەنلىك پەقەت سەككىز خىل بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، بۇ بېشارەتنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى 100,000,000,000,000,000 مۇتلەق دەرىجە ئىسپاتلايدۇ دېگەنلىك».

## يەنە بىر باشقىچە كۆز قاراش

يەنە بىر كۆز قاراش شۇكى، ئەيسا قەستەن بۇ بېشارەتلەرنى قەستەن ئۆز تېنىدە ئورۇندىۋالغان دېگەن كۆز قاراشتۇر. بۇ نۇقتىئىنەزەر قارىماققا مۇمكىنىدەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن مەسىھنىڭ كېلىشىدىكى نۇرغۇن ئىنچىكە جايلارنى ئادەم كۈچى بىلەن كونترول قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن ئۇنىڭ تۇغۇلغان جايى. مەريەمنىڭ قورسىقىدىكى ئەيسانىڭ ئاپىسىغا: «ئاپا، بىز ئەمدى ماڭمايلى دېيىشى مۇمكىنمۇ؟....» ھىرۇت خان باش روھانىي ۋە تەۋرات ئۇستازلىرىدىن «مەسىھ نەدە تۇغۇلىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «پەيغەمبەرلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، يەھۇدىيىنىڭ بەيتلەھەمدە تۇغۇلۇشى كېرەك» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2-باب، 5- ئايەت). ئۇنىڭ كېلىش ۋاقتى، تۇغۇلغان جايى، يەھۇدانىڭ ئۇنىڭغا ساتقىنلىق قىلىشى ۋە باھاسى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى، خالايىقنىڭ مەسخىرىلىك تىل ھاقارەتلىرى، ئۇنىڭ چاپىنى ئۈچۈن چەك تارتىلىشى، تونىنىڭ يىرتىلماي پۈتۈن قېلىشى قاتارلىقلار. دېمەك ئالدىن بېرىلگەن بېشارەتلەرنىڭ يېرىمىدەكى ئۇنىڭ كونتروللۇقىنىڭ سىرتىدا بولغان. ئۇ ئايالنىڭ نەسلى بولۇشى، سامنىڭ قوۋۇمى بولۇش ھەم ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى بولۇش قاتارلىقلارنى تاللىيالمايدۇ. ئەيسا مەسىھ ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئالدىن بېشارەتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئارقىلىق، ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئېلان قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

خۇدا نېمە ئۈچۈن ئىشلارنى مۇنداق مۇرەككەپ قىلىۋېتىدۇ؟ مەن بۇنىڭ ئەيسا مەسىھ بۇ دۇنياغا كەلگەندە، بارلىق زۆرۈر بولغان پاكىتلارنىڭ بولۇشى ئۈچۈن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ھالبۇكى، كىشىنى ئەڭ ھاياجانغا سالىدىغىنى يەنىلا، ئەيسا مەسىھنىڭ كېلىشىدىكى مەقسىدى كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىدۇر. پەقەت ھەزرىتى ئەيسالا تەۋراتتىكى ساناقسىز ئالدىن بېشارەتلەرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھەمدە پەقەت ھەزرىتى ئەيسالا ئۇنى قوبۇل قىلغان ئادەملەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئۇلۇغ بېشارەتنى ئەمەلگە ئاشۇردى. يەنى يېڭى ھاياتلىقنىڭ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى: «مەن سىلەرگە يېڭى يۈرەك ئاتا قىلىپ، يېڭى روھنى قەلبىڭلارغا سالىمەن..... ئەگەر بىرەيلەن ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بولسا، ئۇ دەل يېڭىدىن يارالغان ئادەمدۇر. قاراڭ، ئۆتمۈش ئۆتۈپ ھەممە يېڭىلاندى!» («ئەزىكىيال پەيغەمبەرنىڭ كىتابى» 36- باب، 25- ۋە 26- ئايەت؛ «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت» 5- باب، 17- ئايەت).

# 10– باب

## يەنە باشقا ئۇسۇل بارمۇ؟

مۇشۇ يېقىندا تېكساس شتاتىدىكى شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى ئالدىمغا كېلىپ: «نېمە ئۈچۈن پەقەت ئەيسانىلا خۇدا بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىكى بىردىن-بىر يول دەيمىز؟» دەپ سوئال قويدى. مەن تېخى ھېلىلا ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنى خۇدا بىلەن تۇتۇشىدىغان بىردىن –بىر يول ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانلىقى، مۇقەددەس كىتاب ۋە ئەلچىلەرنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ، ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزغۇچى ۋە ھاياتىمىزنىڭ رەببى ئىكەنلىكى توغرىسىدا يېتەرلىك پاكىتلار بار دەپ كۆرسەتكەندىم. ھالبۇكى ئۇنىڭ سورىغان مەسىلىسى: «نېمە ئۈچۈن ئەيسا بولىدۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا باشقىچە ئۇسۇل يوقمۇ؟ ساكيامىنى بولسا قانداق؟ مۇھەممەتچۇ؟ ئەجەبا ؟ بىر ئادەم ئۇنىڭسىز قۇتقۇزۇلمامدۇ؟ ئەگەر خۇدا مېھىر-مۇھەببەت بولىدىغان بولسا، بارلىق ئادەملەرنى شەرتسىز قوبۇل قىلسا بولمامدۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئىلگىرى بىر سودىگەر ماڭا: «سىز ھەقىقەتەن ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدىڭىز. لېكىن، ئۇنىڭدىن باشقا خۇدا بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان باشقا ئۇسۇل يوقمۇ؟» دەپ سورىغانىدى.

يۇقىرىقى پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدىكى سوئاللارنى نامايەندە قىلىپ بەردى. نېمە ئۈچۈن بىر ئادەم ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى ۋە ھاياتىنىڭ رەببى قىلىپ قوبۇل قىلغاندىلا، ئاندىن خۇدا بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدىغان ئىلتىپاتقا ئىگە بولالايدۇ؟ مەن بۇ ئوقۇغۇچىغا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ خۇدانىڭ خاراكتېرىنى ئەسلا چۈشەنمەيدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. ئادەتتە مۇنداق سوئاللارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. يەنى: «خۇدا مېھىر– مۇھەببەتلىك تۇرسا، ئۇ قانداقسىگە گۇناھكارلارنى دوزاخقا تاشلىسۇن؟» مەن دەل ئەكسىچە: «خۇدا مۇقەددەس، ئادىل، ھەققانىي ئىكەن، ئۇ قانداقسىگە گۇناھكار ئادەملەر بىلەن بىللە تۇرالىسۇن؟» دەپ سورىيالايمەن. ھازىر تېئولوگىيە ۋە ئېتىكا جەھەتتە پەيدا بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەر تېگى–تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ خۇدانىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى خاتا چۈشەنگەنلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ خۇداغا نىسبەتەن تونۇشى ئۇنىڭ مېھىر–مۇھەببەتلىك ئىكەنلىكىدە توختاپ قالغان. بۇ يەردىكى مەسىلە خۇدا پەقەتلا مېھىر–مۇھەببەتلىك بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئادىل، ھەققانىي ۋە مۇقەددەستۇر.

بىز خۇدانى ئاساسەن ئۇنىڭ خاراكتېرى ئارقىلىق تونۇيمىز. مەلۇم بىر خاراكتېر ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ مەلۇم بىر قىسمى بولالمايدۇ. مەن ئىلگىرى خۇدانىڭ خاراكتېرلىرىنى — مۇقەددەس، مېھىر–مۇھەببەتلىك، ئادىل، ھەققانىي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قوشسام ئۇلارنىڭ يىغىندىسى خۇداغا تەڭ بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ ئۇنداق بولمايدۇ. ئېيتىلىۋاتقان خاراكتېر ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ پەقەت خۇدانىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىسپاتلاش خالاس. مەسىلەن: بىز خۇدا مېھىر-مۇھەببەت دېگەن چېغىمىزدا، بىزنىڭ مەقسىتىمىز مۇھەببەتنى خۇدانىڭ بىر قىسمى بولىدۇ دېيىش ئەمەس. بەلكى مۇھەببەت بولسا، خۇدانىڭ خاراكتېرى دېيىشكە بولىدۇ. مۇھەببەت پەقەت خۇدانىڭ بىر خىل تەبىئىي ئىپادىسى.

ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ گۇناھقا پېتىشى بۇ يەردە بىر مەسىلىنى ئېلىپ كېلىدۇ. خۇدا ئەڭ دەسلەپتە، ئەر ۋە ئايالنى يارىتىشنى قارار قىلدى. مەن مۇقەددەس كىتابتا ئېيتىلغان خۇدانىڭ ئەر ۋە ئايالنى يارىتىشتىكى مەقسىتى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى ۋە شان–شەرىپىدىن ھۇزۇرلاندۇرۇش دېگەن سۆزلەرگە ئىشىنىمەن. ئەمما ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا خۇداغا قارشى چىقىپ، يولدىن ئاداشقان چېغىدا گۇناھ ئىنسانىيەت تارىخىغا كىرىپ كەلدى. ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپ، ئادەملەر گۇناھكار ھېسابلىنىپ خۇدادىن ئايرىلدى. مانا بۇ خۇدا ئۇچرىغان «قىيىنچىلىق». ئۇنىڭ ئادەملەرنى يارىتىشتىكى مەقسىتى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شان –شەرىپىدىن بەھر ئالدۇرۇش ئىدى. بىراق ئادەملەر ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە بۇيرۇقلىرىنى كۆزگە ئىلماي، قەستەن گۇناھ ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز مۇھەببىتى ئارقىلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزدى. لېكىن خۇدا مېھىر–مۇھەببەتلىك بولۇپ قالماستىن، يەنە مۇقەددەس، ئادىل، ھەققانىي خۇدا بولغاچقا ئۆز خاراكتېرىگە ئاساسەن، ھەرقانداق گۇناھنى سىغدۇرالمايدۇ. مۇقەددەس كىتابتا: «چۈنكى گۇناھنىڭ بەدىلى يەنىلا ئۆلۈم» دېيىلگەن. شۇڭا سىز خۇدا ئازراق ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىدى دېسىڭىز بولىدۇ.

خۇدا ئۆزىنىڭ بىرلىكى: مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل، مۇقەددەس روھنىڭ ئىچىدە بىر قارارنى چىقاردى. مۇقەددەس ئوغۇل بولغان ھەزرىتى ئەيسا قان ۋە گۆشتىن تۈزۈلگەن تەنىنىڭ ئىچىدە «مۇقەددەس ئادەم» بولدى. مانا بۇ يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنىڭ بىرىنچى بابىدا دېيىلگەن كالامنىڭ تەنگە ئايلىنىپ، ئارىمىزدا تۇرۇشىدۇر. ھەمدە «فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» ئىككىنچى بابتا دېيىلگەندەك ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى تاشلاپ، ئادەمنىڭ شەكلىدە بولغانلىقىدۇر.

ھەزرىتى ئەيسا دەل ئەنە شۇ «مۇقەددەس ئادەم». ئەگەر ئۇ ئىلگىرى خۇدا بولمىغان بولسا، باشتىن-ئاياغ ئادەملا بولار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تاللىشىغا ئاساسەن، بۇ دۇنيادا گۇناھسىز ياشاپ، ئاسماندىكى ئاتىنىڭ ئىرادىسىگە پۈتۈنلەي بويسۇندى.

مۇقەددەس كىتابتىكى «گۇناھنىڭ بەدىلى يەنىلا ئۆلۈم» دېگەن قارارنى ئۇنىڭغا نىسبەتەن قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ چەكلىمىگە ئىگە ئادەم بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە چەكسىز بولغان خۇدانىڭ ئۆزىدۇر. شۇڭا ئۇ ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە چەكسىز ئالالايدۇ. ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى، ئۇنىڭ قەدىمى كرېستكە دەسسەلگەندە، مۇقەددەس، ئادىل، ھەققانىي خۇدا غەزىپىنى ئۆز ئوغلىغا ياغدۇرغاندى. ئەيسا مەسىھ «ھەممىسى تامام بولدى» دېگەن چېغىدا، خۇدانىڭ ئادىل، ھەققانىي خاراكتېرى قانائەتلەندۈرۈلگەندى. سىز خۇدا دەل ئەنە ئاشۇ دەقىقىدە، ئادەملەرنى ئۆز گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلماي «سۆيەلىدى» دېيىشكىز بولىدۇ. چۈنكى ئەيسانىڭ كرېستىكى ئۆلۈمى ئارقىلىقلا، خۇدانىڭ ھەققانىي خاراكتېرى قانائەتلەندۈرۈلگەندى.

مەن باشقىلاردىن دائىم: «ئەيسا كىم ئۈچۈن ئۆلگەن؟» دەپ سورايمەن. ئۇلار: «مەن ئۈچۈن» ياكى «دۇنيا كىشىلىرى ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ئاندىن مەن: «توغرا، لېكىن بۇنىڭدىن باشقا يەنە كىم ئۈچۈن؟» دەپ سورايمەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى: «نېمە؟ مەن بىلمەيدىكەنمەن» دېيىشىدۇ. مەن ئۇلارغا: «ئاسماندىكى ئاتىمىز ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بېرىمەن. مانا قاراڭ، ئەيسا مەسىھ بىز ئۈچۈن ئۆلۈپلا قالماي، يەنە ئاسماندىكى ئاتىمىز ئۈچۈن ئۆلگەن. مانا بۇ «رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 3-بابتا دېيىلگەن قۇتقۇزۇلۇش توغرىسىدىكى مەسىلە. سېتىۋېلىشنىڭ ئاساسلىق مەنىسى تەلەپنى قانائەتلەندۈرۈش بولىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ كرېست ئۈستىدىكى ئۆلۈمى بىز ئۈچۈنلا بولۇپلا قالماي، يەنە خۇدانىڭ خاراكتېرىدىكى مۇقەددەسلىك ۋە ئادىللىق تەلىپىگە يېتىش ئۈچۈن بولغان.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى كالىفورنىيا شتاتىدا بىر ئىش يۈز بەرگەن بولۇپ. بۇ ئىش بىزگە ئەيسا مەسىھنىڭ كرېست ئۈستىدە ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرىدۇ. بىر قىز تېز سۈرئەتتە ماشىنا ھەيدىگەنلىكى ئۈچۈن تۇتۇپ كېلىندى. سوت ئۈستىدە سوتچى ئۇنىڭ جىنايىتىنى جاكارلاپ، ئۇنىڭغا: «جىنايىتىڭىزنى ئىقرار قىلامسىز؟» دېگەندە، بۇ قىز: «ئىقرار قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. سوتچى ياغاچ بولقىسىنى جوزىغا يېنىك ئۇرۇپ، جاۋابكارغا يۈز يۇەن جەرىمانە تۆلەش ياكى ئون كۈن تۇتۇپ تۇرۇلۇش جازاسىنى بەردى. ئارقىدىنلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. سوتچى ئورنىدىن تۇرۇپ، تونلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئالدىغا ئۆتۈپ، ھەميانىنى چىقىرىپ، جەرىمانىنى تۆلىدى. بۇ ئىشنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ بۇ سوتچى ئەسلىدە جاۋابكارنىڭ دادىسى ئىدى. ئۇ ئۆز قىزىنى سۆيىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ سوتتا ئادىل بولمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ قىزى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانىكەن. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا: «مەن سېنى بەك ياخشى كۆرگەچكە كەچۈرۈۋەتتىم» دېسە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ راستىنلا شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئادىل سوتچى بولالمايدۇ. ھەم قانۇننى قوغدىيالمايدۇ. لېكىن، ئۇ قىزىنى

سۆيگەچكە، ئۆز تونىنى سېلىپ تاشلاپ، قىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دادىلىق سالاھىيتى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن جەرىمانىنى تۆلىدى.

بۇ ئىش خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق، بىز ئۈچۈن ۋۇجۇتقا چىقارغان ئىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىز ھەممىمىز گۇناھ سادىر قىلدۇق. مۇقەددەس كىتابتا: «گۇناھنىڭ بەدىلى يەنىلا ئۆلۈم» دېيىلگەن. مەيلى ئۇ بىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرسۇن، ئۇ چوقۇم ياغاچ بولقىسىنى ئۇرۇپ: «ئۆلتۈرۈلسۇن» دېيىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئادىل ۋە ھەققانىي خۇدا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ مېھىر–مۇھەببەتلىك خۇدا بولغاچقا ئۇ بىزنى شۇ دەرىجىدە سۆيىدۇكى ھەتتا ئۆزىنىڭ تەختىدىن ئايرىلىپ، ئىنسان ئوغلى ئەيسا مەسىھ بولۇپ، بىز ئۈچۈن بەدەل تۆلىدى. بۇ دەل ئۇنىڭ كرېست ئۈستىدىكى ئۆلۈمىدۇر.

بۇ يەردە نۇرغۇن ئادەملەر مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى ئۇلار: «نېمە ئۈچۈن خۇدا ئادەملەرنى مۇنداقلا كەچۈرۈم قىلمايدۇ؟» دەپ سورىشىدۇ. يۇقىرى ئورگاندا خىزمەت قىلىدىغان بىر ئادەم : «بىزنىڭ خىزمەتچىلىرىمىز ناھايىتى كۆپ ھاللاردا خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. مەن ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىمەن» دەيدۇ. ئۇ يەنە سۆزىنى تولۇقلاپ: «سىز مېنىڭ ئۆلچىمىمنى خۇدانىڭكىدىن چوڭ دېمەيدىغانسىز؟» دېدى. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئادەملەر قەيەردە كەچۈرۈم بولسا، شۇ يەردە تولۇقلاپ بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى سەزمەيدۇ. مەسىلەن ئېيتايلى، مېنىڭ قىزىم ئۆيدىكى چىراغلارنىڭ بىرىنى چېقىۋەتتى دەيلى، مەن ئەلۋەتتە قىزىمنى تىزىمغا ئېلىپ قۇچاقلاپ: «ئومىقىم، يىغلىماڭ، مەن سىزنى كەچۈرىمەن» دەيمەن. ئادەتتە، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىدا: «توغرا، خۇدا ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىشى كېرەك» دېيىشىدۇ. مەن سوراپ باقاي: «كىم ئۇ چېقىلىپ كەتكەن چىراقنى تۆلەپ بەردى؟» ئەمەلىيەتتە، مەن تولۇقلاپ قويىدۇم. كەچۈرۈمنىڭ كەينىدە، چوقۇم بىر بەدەل بولىدۇ. مەسىلەن، بىرەيلەن سىزنى كۆپچىلىك ئالدىدا ھاقارەتلىگەن بولسا، بۇ ئىشتىن كېيىن ناھايىتى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇنىڭغا: «مەن سېنى كەچۈردۈم» دېيەلىسىڭىز. بۇ ھاقارەتلىنىشنىڭ بەدىلىنى كىم تۆلىگەن بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ بەدەلنى ئۆزىڭىز تۆلەيسىز. مانا بۇ دەل خۇدانىڭ قىلماقچى بولغىنىدۇر. ئۇ ئاللىقاچان: «مەن سېنى كەچۈرىمەن» دېگەنىدى. ئەمما بۇ سەۋەبلىك ئۇ ئۆزى كرېست ئۈستىدە تەلتۈكۈس بەدەل تۆلىدى.

# 11– باب

## ئۇ مېنىڭ هاياتىمنى ئۆزگەرتتى

ئەيسا مەسىھ هايات. بۇگۈنكى كۈندە مېنىڭ ياشىشىمنىڭ خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەت ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى.

ئەكۋىناس (Thomas Aquinas) «ھەر بىر ئادەمنىڭ روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا خۇشاللىقتا ۋە ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىگە تەلپۈنۈش بولىدۇ» دەپ يازغانىدى. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىن تارتىپلا خۇشال ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمەلىيەتتە بۇ ئويـ پىكرىمنىڭ ھېچقانداق خاتا يېرى يوق. مەن دۇنيادىكى ئەڭ خۇشال ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بىرى بولۇشنى خالايتتىم. شۇنداقلا مەن يەنە تۇرمۇشۇم ئەھمىيەتلىك ئۆتسىكەن، دەپ ئويلايتتىم. مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى ئىزدەشنى ياخشى كۆرەتتىم. «مەن كىم؟»، «مەن نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ياشايمەن؟»، «مەن نەگە بارىمەن؟»

مەن تۇرمۇشتا ئەركىن بولۇشنى تېخىمۇ ئارزۇلايتتىم. مەن دۇنيادىكى ئەڭ ئەركىن ئادەم بولۇشنى خالايتتىم. ئەركىنلىك مەن ئۈچۈن خالىغانچە ئىش قىلىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھەرقانداق ئادەم ئۆزى خالىغاننى قىلسا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق ياشايدۇ. مەن دەۋاتقان ئەركىنلىك بولسا: «ئىقتىدارىڭىز يەتكەن، ئۆزىڭىز قىلىشقا تېگىشلىك دەپ ئويلىغان ئىشلارنى قىلىش»تۇر. نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ بۇلارنى قىلىشقا ئىقتىدارى يەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەركىن بولالمايدۇ.

بىز سوئاللىرىمىزغا جاۋاب ئىزدەپ باقايلى. مېنىڭچە ھەممە ئادەم دېگۈدەك مەلۇم بىر دىنغا تەۋە بولىدۇ. مەنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس بولغاچقا، دەسلەپتە مەن ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە بېرىپ ئىزدەندىم. ئۆزۈمنى خاتالىشىپ قالغاندەك

ھېس قىلدىم. بەلكىم بەزىلەر، مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشەنسە كېرەك. مەن جامائەتچىلىكتە تۇرغاندىن سىرتتا تۇرۇشنى ياخشىراق دەپ ھېس قىلدىم. ئۇ چاغلاردا، مەن جامائەتچىلىكلەردىكى يىغىلىشلارغا تولۇق قاتنىشاتتىم. مەن مەسىلىلەرگە بەكمۇ ئەمەلىي قارىغاچقا، بىرەر ئىش ئەپلەشمىسە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەتتىم. نەتىجىدە مەن دىنىنى تاشلىۋەتتىم. ئۇ ۋاقىتتا دىن مەن ئۈچۈن مۇھىم بولمىغان بىر خىزمەتتىنلا ئىبارەت ئىدى. بەلكىم نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن مەن نام –ئاتاق تۇرمۇشۇمنىڭ جاۋابىدۇر، دەپ ئويلىدىم. بىر رەھبەر بولۇپ، مەلۇم ئوي–پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويالىسام، داڭلىق شەخسلەرگە ئايلانسام، مۇشۇنداق بولسا، تۇرمۇشتىن قانائەتلىنىمەن دەپ ئويلىدىم. مەن ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىكى چېغىمدا، ئوقۇغۇچىلار رەئىسى بولۇش مەكتەپتە ئەڭ ئابرۇيلۇق ئىش ئىدى. مەنمۇ ناھايىتى مۇۋاپپىقىيەتلىك ھالدا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قولغا كەلتۈردۈم. مەكتەپ ئىچىدىكى داڭلىق شەخس بولۇش ئادەمنى ھەقىقەتەن كۆرەڭلىتىپ قويىدىكەن. ھەممە ئادەملەر ئىسمىڭىزنى چاقىرشىدۇ. مۇھىم ئىشلارنى قارار قىلىشتا ھوقۇقىڭىز بولىدۇ. مەكتەپ ئاجراتقان بەزى خىراجەتلەر، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتىنى باشقۇرۇش ھەم ياخشى كۆرگەن ئوقۇغۇچىنى تەكلىپ قىلىش ھوقۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مېنى ناھايىتى مەمنۇن قىلدى. لېكىن بەزى ئىشلار مېنى يەنە ناھايىتى بىئارام قىلاتتى. دۈشەنبە كۈنلىرى بېشىمنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. كۆڭلۈمدە: «ھەي، ئالدىڭدا يەنە بەش كۈن بار» دەيتتىم. جۈمە كۈنى مىڭ تەسلىكتە كېلەتتى. بىر ھەپتىدە پەقەت ئۈچ ئاخشاملا يەنى جۈمە، شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىنىلا ناھايىتى خۇشال ئۆتكۈزەتتىم. ئاندىن يەنە يامان ئايلىنىش باشلىناتتى.

ئۇنىۋېرسىتېتتا مېنىڭ ئالدام خالتامغا چۈشمىگەن ئادەم قالمىغانىدى. ئۇلار مېنى بەك ئوچۇق دەپ ئويلايتتى. ئۇلار مېنىڭ خۇشاللىقىمنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن ئارتۇق ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى. مېنىڭ كەيپىياتىم شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرەتتى. ئەگەر ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمىسا، مەن سەپرالىشىپ كېتەتتىم.

مەن خۇددى دېڭىزدىكى قېيىققا ئوخشايتتىم. كەچۈرمىشلىرىم خۇددى دولقۇنغا ئوخشاش مېنى ئۇياق–بۇياققا ئۇراتتى. مۇقەددەس كىتابتىكى بىر سۆز بۇ خىل تۇرمۇشنى تەسۋىرلەيدۇ. يەنە بۇ سۆز دەل دوزاختۇر. لېكىن مەن باشقىچىرەك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاپالمىدىم ھەم باشقىلار ماڭا تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇلنى ياكى تۇرمۇشۇمغا كۈچ قوشالايدىغان ئۇسۇلنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. نۇرغۇن ئادەملەر گەرچە قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ھېچكىممۇ ماڭا بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈچ-قۇدرەتنى بېرەلمىدى. مەن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدىم.

مەن ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ھاياتنىڭ مەنىسى، ھەقىقەتنى ۋە مەقسىتىنى ئىزدەشتە، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى ماڭا

قارىغاندا تېخىمۇ ئەستايىدىل بولىدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىمەن. ئەينى چاغدا ئۇنى مەن تېخى تاپالمىغانىدىم. مەن تېخىچە بىلمەيتتىم. مەكتەپتە سەككىز ئوقۇغۇچى ۋە ئىككى مۇئەللىمدىن تەشكىل تاپقان بىر كىچىك گۇرۇپپا ئادەملىرىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بارلىقىغا سەپسالدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە ئىشىنىشۋاتقانلىقىنى بىلىدىغاندەك ئىدى. گەرچە مېنىڭ پىكرىم ئۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، مەن ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. مېنىڭ بىر قانچە يېقىن دوستلىرىم ئۇلارنى ياخشى كۆرمىسىمۇ، بىراق مەن مۇستەھكەم ئېتىقادى بار ئادەملەرنى ھۆرمەت قىلاتتىم. (مەن مۇنداق ئادەملەرنى ئانچە كۆپ ئۇچراتمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن قايىل بولىمەن). بۇ مېنىڭ ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرى بىلەن كۆپرەك ئارىلاشقىنىمدىن كۆرە رادىكالچىلار بىلەن كۆپرەك ئارىلاشقانلىغىمنىڭ سەۋەبى. بەزى ئېتىقادچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى يالغان ئېتىقادچى بولۇشى مۇمكىن، دەپ گۇمانلىناتتىم. لېكىن بۇ كىچىك گۇرۇپپا ئادەملىرى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغاندەك تۇراتتى. بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ئاز كۆرۈلىدىغان ئىش ئىدى.

مەن ئۇلارنىڭ مېھىر–مۇھەببەتنى پەقەت ئېغىزىدىلا سۆزلەپ قالماي، تۇرمۇشلىرىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇلار ئالىي مەكتەپنىڭ جىددىي تۇرمۇشىدىن ھالقىپ كەتكەندەك ئىدى. لېكىن باشقىلار ئېغىر بېسىم تۈپەيلىدىن نەپەسمۇ ئالالمايۋاتاتتى. مەن ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر نۇقتىغا يەنى ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى بىلەن شارائىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان پوزىتسىيىسىگە دىققەت قىلغانىدىم. ئۇلار خۇددى مەڭگۈلۈك بولغان خۇشاللىق بۇلىقىغا ئېرىشكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى بەزىدە باشقىلارنىڭ ئۆچلىكىنى كەلتۈرەتتى. بەلكىم قول يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق بولسا كېرەك.

خۇددى باشقا ساۋاقداشلارغا ئوخشاش، باشقىلاردا مەندە بولمىغان نەرسىلەر بولسا مېنىڭمۇ ئېرىشكۈم كېلەتتى. مانا بۇ مەكتەپتە ۋېلىسىپىتكە قولۇپ سېلىشىمنىڭ سەۋەبى. ئەگەر تەلىم تەربىيە ھەقىقەتەن مەسىلىنىڭ جاۋابى بولسا، ئالىي مەكتەپ ئەخلاق، پەزىلەت جەھەتتە ئەڭ ياخشى سورۇن ھېسابلىنىدىغان بولاتتى. لېكىن ئەمەلىيەت بۇنداق ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ سىرلىق ئادەملەر بىلەن دوست بولۇش قارارىغا كەلدىم.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، بىز ئالتە ئوقۇغۇچى ۋە ئىككى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسىدىكى چوڭ ئۈستەل ئالدىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ پاراڭلاشتۇق. پاراڭلىرىمىزدا خۇداغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرمۇ بولدى. ئەگەر سىزدە بىخەتەرلىك تويغۇسى كەم تۇرۇپ، خۇدا توغرىسىدا پاراڭلاشسىڭىز سىز تەبىئىي ھالدا قېلىن بىر تامنى قوپۇرۇپ قويىسىز. جەمئىيەتتە ۋە مەكتەپتە مۇنداق دەيدىغان ئادەملەرمۇ بار: «ھە، مەسىھمۇ؟ ۋاي–ۋوي ئۇ قورقۇنچاقلارنىڭ تايانچىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇ

ھەرگىزمۇ زىيالىلارغا ماس كەلمەيدۇ» (ئادەتتە بۇنداق پوزىتسىيىدىكى ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى بوشلۇقمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ).

ئۇلار مېنى بەك بىئارام قىلدى. مەن ئۇلارغا ئۆزلىرىگە قىزىقىپ قالغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، پەرۋاسىز ئولتۇرغان بولىۋالدىم. يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ناھايىتى كېلىشكەن بىر قىزغا دىققەت قىلىپ (مەن ئەزەلدىن ئېتىقادچىلار بەك سەت بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم) ئۇنىڭدىن: «ماڭا ئېيتىڭە، قانداق نەرسە سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتتى؟ نېمە ئۈچۈن سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار باشقا ساۋاقداشلار، رەھبەرلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ قىز ساۋاقداشىنىڭ ئېتىقادى چوقۇم ناھايىتى كۈچلۈك بولسا كېرەك، ئۇ ماڭا قاراپ، كۈلمەي تۇرۇپ، مەن ئالىي مەكتەپتە ئاڭلاشنى خالىمايدىغان بىر جاۋابنى بېرىپ: «ئەيسا مەسىھ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «ھەي، مەن خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن. مەن قۇرۇق گەپنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن. دىن، جامائەتچىلىك، مۇقەددەس كىتاب دېگەنلەردىن بىزارمەن. ماڭا ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان دىن ئەخلەتلىرى كېرەك ئەمەس» دېدىم. ئاندىن ئۇ ماڭا: «ئەپەندىم، مەن سىزگە دىن توغرىسىدا سۆزلىمىدىم. مەن سىزگە ئەيسا مەسىھ دېدىم» دېدى. ئۇ ماڭا مەن ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى سۆزلەۋاتاتتى. ئەيسا مەسىھكە بولغان ئېتىقاد قانداقتۇر بىر دىن ئەمەس، دىندا ئادەملەر ئۆز كۈچىگە تايىنىپ خۇدانىڭ يېنىغا بارالايمىز دەپ ئويلايدۇ. ئەيسا مەسىھكە بولغان ئېتىقاددا بولسا، خۇدا ئۆزى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئادەملەر دۇنياسىغا كېلىپ، ئادەملەر بىلەن ئۆزى يارىشىدۇ.

مېنىڭچە ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىغا نىسبەتەن خاتا چۈشەنچىدە بولۇش دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر جايىغا قارىغاندا ئالىي مەكتەپلەردە ئەڭ كۆپ بولىدۇ. يېقىندا مەن بىر تەتقىقات مەركىزىدە بىر دوسىېنتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە قاتناشقان ئادەم چوقۇم ئېتىقاتچىغا ئايلىنىدۇ». مەن ئۇنىڭدىن: «سىز ماشىنا ئىسكىلاتىغا كىرسىڭىز، سىزمۇ بىر ماشىنىغا ئايلىنىپ قالامسىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق ئەلۋەتتە. «مەسىھ ئېتىقادچىسى» دېگىنىمىز ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەن ھەم تايانغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

بىر نەچچە يېڭى دوستلىرىم ماڭا خىرىس ئېلان قىلىپ، مېنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى دېگەن جاكارنى، ئەيسا مەسىھ ئادەم سىياقىدا ئادەملەر بىلەن بىللە ياشاپ، بۇ دۇنيا ئادەملىرىنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن كرېستكە مىقلىنىپ، يەرلىككە قويۇلغانلىقى، ئۈچىنچى كۈنى ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكى، ھەمدە ئۇنىڭ 20- ئەسىردە ياشاۋاتقان ئادەملەرنى ئۆزگەرتىشكە قادىرلىقىدىن ئىبارەت مەسىلىلەر توغرىسىدا ئەقەلىي جەھەتتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمنى سورىدى.

مەن بۇ سۆزلەرنى ساراڭلارنىڭ سۆزلىرى دەپ ئويلايتتىم. ئېتىقادچىلارنى ئاقنانچى دەپ ھېس قىلاتتىم. مەن بۇنداق ئادەملەر بىلەن كۆپ پاراڭلىشىپ باققان، كۆپ ۋاقىتلاردا مەن ئۇلارنى ئالدى بىلەن سۆزلىتەتتىم. كەينىدىنلا ئۇلارغا كەسكىن زەربە بېرەتتىم. مەن ئەيسا مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنى كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ئازغان قۇرت دەپ ئويلايتتىم.

لېكىن بۇ ئادەملەر ماڭا قايتا-قايتا خىرىس ئېلان قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلدىم. بىراق، بۇ پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن بولۇپ، مەن ئۇلارنى زادى بىر كۈنى پۇتلىۋېتىمەنغۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. مەن بۇلارنىڭ كەينىدە ئەمەلىيەت ۋە ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولمايدىغان پاكىتلارنىڭ ئۇلارنى قوللاپ، قۇۋۋەتلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا مېنىڭ چىقارغان خۇلاسەم ئەيسا مەسىھ ئۆزى جاكارلىغاندەك بىر زات دېگەندىن ئىبارەت بولدى. مېنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەسىرىم «پۇلات تامغىلىق ھۆكۈم 1-، 2-توم»دا يازغان ماتېرىياللار مەسىھ مۇرىتلىرىنىڭ ئېتىقادىنىڭ ھەقىقىيلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن يېزىلغانىدى. كېيىن مەن ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمايلا قالماستىن، ئۆزۈمنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ بىر ئېتىقادچىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ھازىرغا كەلگۈچە مەن 13 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشىمنى ئەقلى جەھەتتە ناھايىتى ئۇچۇق ئىسپاتلاپ كەلدىم.

ھالبۇكى ئۇ چاغلاردا مەن ئۆزۈمنى گاڭگىراپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. ئوي-پىكرىم بۇ ئەھۋاللارنىڭ راستلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسە، لېكىن ئىرادەم مېنى باشقا تەرەپكە تارتىپ تۇراتتى. مەن ئېتىقادچى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئۆز-ئۆزىنى پارە-پارە قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئەيسا مەسىھ مېنىڭ ئىرادەمگە نىسبەتەن بىۋاستە جەڭ ئېلان قىلىپ، مېنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «قارا، مەن سېنىڭ ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئىشىكىڭنى چېكىۋاتىمەن، كىم مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، ماڭا ئىشىك ئېچىپ بەرسە مەن چوقۇم كىرىمەن» («ۋەھىي» 3- باب، 20- ئايەت). ئۇنىڭ دېڭىز ئۈستىدە مېڭىشى ۋە سۇنى ھاراققا ئايلاندۇرۇشى مېنى قىزىقتۇرالمىغانىدى.

ھەر قېتىم قىزغىن ئېتىقادچىلار بىلەن بىللە بولغاندا، مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى زىددىيەتلىك ھېس قىلاتتىم. ئەگەر سىز گۇماندا تۇرۇۋاتقاندا، بىر توپ خۇشال-خورام يۈرىدىغان ئادەملەر بىلەن بىللە تۇرسىڭىز، سىز چوقۇم مەندىكى بۇ ھېسسىياتنى چۈشىنەلەيسىز. مەن ئۇلاردىكى خۇشاللىققا ۋە ئۆزۈمدىكى خاتىرجەمسىزلىنىشنىڭ سېلىشتۇرمىسىغا چىدىيالمىدىم. ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىناسىدىن قېچىپ چىقتىم. تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇ بولدىكى، مەن كەچ سائەت 10دا كارىۋاتقا چىقسام، سەھەر سائەت 4كىچە ئۇخلىيالمايتتىم. مەن بۇ ئىشلارنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرمىسام بولمايدىغانلىقىمنى

چۈشىنىپ يەتتىم. ئۆز ئۆزۈمگە مەسئۇل بولمىسام بولمايتتى. مەن ئەزەلدىن ناھايىتى ئوچۇق پىكىرلىك ئادەم بولغاچقا، بۇ سەۋەبدىن بىخوتلىشىپ قالسام بولمايتتى.

دەل مېنىڭ مۇشۇنداق ئوچۇق پىكىرلىك بولۇش خاراكتېرىم سەۋەبىدىن مەن 1959-يىلى 12– ئاينىڭ 9– كۈنى كەچ سائەت 8:30 يېرىمدا، ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ھەقىقىي بىر ئېتىقادچى بولدۇم.

بەزى ئادەملەر مەندىن: «سەن قانداق بىلىسەن؟» دەپ سورايدۇ. مەن: «سەن ئۆزۈڭ قاراپ باق، مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن، ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتتى» دەيتتىم. ئۇ كۈنى كەچتە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، دۇئا قىلدىم. مەن ھاياتىمنى يېڭىلىغان، مەڭگۈ ھايات بولغان ئەيسا مەسىھتىن تۆت ئىش توغرىسىدا دۇئا قىلىپ، ئوتتۇرىمىزدا مۇناسىۋەت ئورناتتىم.

ئالدى بىلەن مەن: «رەب ئەيسا مەن ئۈچۈن كرېستكە مىقلىنىپ ئۆلگىنىڭگە كۆپ رەھمەت» دېدىم. ئىككىنچى بولۇپ: «مەن ھاياتىمدا سېنى خۇشال قىلالمايدىغان تەرەپلەرنىڭ بارلىقىغا ئىقرار، مېنى كەچۈرگەيسەن ھەم پاكلىغايسەن» دېدىم. مۇقەددەس كىتابتا: «سەندە قىپقىزىل گۇناھ بولسىمۇ، مەن چوقۇم ئۇنى ئاپپاق قىلىۋېتەلەيمەن» دېيىلگەن.

ئۈچىنچى بولۇپ، ھازىر مەن قەلبىمنىڭ ۋە ھاياتىمنىڭ ئىشىكىنى ساڭا ئاچتىم سېنى قۇتقۇزغۇچىم ۋە ھاياتىمنىڭ خوجايىنى دەپ قوبۇل قىلدىم ھەم ئىشەندىم. ھاياتىمنى باشقۇرغايسەن، ئىچىمدىن تېشىمغىچە يېڭىلىغايسەن، مېنى يېڭىلاپ، مېنى سەن ئادەملەرنى ياراتقاندا قىلغان ئىرادەڭگە ماس كەلتۈرگەيسەن» دېدىم. ئەڭ ئاخىرىدا مەن: «ماڭا ئىشەنچ ئاتا قىلغانلىقىڭغا تەشەككۈر، ھاياتىمغا كىرگەنلىكىڭگە رەھمەت» دېدىم. بۇنداق ئىشەنچ ھەرگىزمۇ نادانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەمەس. بەلكى تارىخىي ئىسپات ۋە ئەمەلىيەت شۇنداقلا خۇدانىڭ سۆزلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر.

مەن سىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ناھايىتى جىددىي ۋە تەسىر قىلارلىق قۇتقۇزۇلۇش توغرىسىدىكى ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. لېكىن، مەن قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىن، ئالاھىدە ئىش يۈز بەرمىدى. ئازراقمۇ يۈز بەرمىدى. بەدىنىمگە قانات ئۆسۈپ چىقمىدى. ئەمەلىيەتتە مەن بۇ قارارنى قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقىدىن كۆپرەك ئازابلاندىم. ھەتتا مەندە بىرخىل قۇسقۇم كېلىدىغان ھېسسىيات پەيدا بولدى. مەن بۇنىڭغا ھەيران بولدۇم: «ھەي، ساڭا زادى نېمە بولدى؟» مەن خۇددى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك قىلاتتىم.

مەن سىزگە بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەي. ئالتە ئايدىن بىر يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەمەلىيەتنىڭ مۇنداق ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. ھاياتىمدا ھەقىقەتەن ئۆزگىرىش بولغانىدى. بىر قېتىم، مەن مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا ھاياتىمنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېيتتىم. مەن تېخى سۆزۈمنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ: «ماكدوۋېل،

سەن خۇدا مۇشۇ 20– ئەسىردە مېنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتتى دېمەكچىمۇ؟ خۇدا زادى سېنىڭ قايسى تەرەپلىرىڭنى ئۆزگەرتتى؟» 45 مىنۇتتىن كېيىن ئۇ: «بولدى، يېتەرلىك بولدى» دېدى.

بۇ سۆزلەر ئارىسىدا مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمدىكى بىئاراملىق كەيپىياتنى ئېيتتىم. مەن دائىم ئۆزۈمنى ئۇ بۇ ئىشلار بىلەن ئالدىراپ ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلايتتىم. مەن يالغۇزچىلىقتا چىدىيالمايتتىم. شۇنىڭ بىلەن تەسىرلىك پائالىيەتلەرنى ئىزدەپ، رېئاللىقتىن ئۆزۈمنى ۋاقتىنچە ئېلىپ قاچاتتىم. بەزىدە مەكتەپ ئىچىدە پىيادە ئايلانغىنىمدىمۇ، مېنىڭ ئوي–پىكىرلىرىم خۇددى ياۋا ئاتقا ئوخشاش ماڭا تۇتۇق بەرمەيتتى. بەزىدە بىردەم ئولتۇرۇپ، تاپشۇرۇق ئىشلەشكىمۇ ئىمكان قىلالمايتتىم. لېكىن، ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىپ، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، كەيپىياتىم ئاستا–ئاستا تۇراقلىنىشقا باشلىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ، مەندىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ھەل بولدى، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. لېكىن شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، مەن مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم. مەن بۇنىڭ مەسىلىلەرگە ئۇچرىماسلىقتىن تۇمەن مىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم. يەنە بىر جەھەتتىكى ئۆزگىرىش، مېنىڭ ئۇسال مىجەزىم بولدى. بۇرۇن ئەگەر بىرسى مېنى ئازراقلا رەنجىتىپ قويسا، مەن پارتلاپلا كېتەتتىم. ئۆز ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايتتىم. ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىكى ۋاقتىمدا، مۇشۇ سەۋەبلىك بىرىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغىلى تاس قالغانىدىم. ئالدىراڭغۇلۇق مېنىڭ خاراكتېرىمنىڭ بىر قىسمى ئىدى. مەنمۇ بۇنى ئۆزگەرتىشكە بەك ئەھمىيەت بەرمىگەنىدىم. پەقەت بىر قېتىم مەن ئاچچىقلىنىشقا تېگىشلىك ئىش يۈز بەرگەندە، مەندىكى ئاچچىقنىڭ نەلەرگە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدىم. 14 يىل ئىچىدە مەن بىرلا قېتىم ئاچچىقلىنىپ باقتىم. بىراق، مەن ئۇنىڭ ئورنىنى ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئارانلا تولدۇرغانىدىم. يەنە بىر تەرەپتىكى ئۆزگىرىش مەن تىلغا ئېلىشقا نومۇس قىلىدىغان بىر تەرەپ ئىدى. مېنىڭچە نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇ جەھەتتە ماڭا ئوخشاش ئۆزگىرىشكە مۇھتاج. مەن مۇنداق ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى تاپتىم. يەنى بۇنىڭ سىرى دەل تىرىلگەن ھەم مەڭگۈ ھايات ئەيسا مەسىھ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىكەن. مېنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنىم دەل نەپرەتلىنىش. مېنىڭ ھاياتىم ئىلگىرى چوڭقۇر غەزەپ–نەپرەت بىلەن تولغانىدى. مەن ئادەملەر، نەرسىلەر ۋە ئىشلاردىن رازى بولمايتتىم. نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش مەندە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كەمچىل ئىدى. مەن بىلەن ئوخشىمىغان پىكىردىكى ھەر بىر ئادەم ماڭا ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەندەك تۇيۇلاتتى. مەن ئىلگىرى بىر ئادەمدىن ئەشەددىي نەپرەتلەنگەنىدىم. ئۇ دەل مېنىڭ دادام ئىدى. مەن ئۇنى چىش تىرنىقىمغىچە ئۆچ كۆرەتتىم. ئۇ بىزنىڭ كەنتتىكى داڭقى چىققان ھاراقكەش ئىدى. ئەگەر سىزمۇ كىچىك بىر كەنتتە ياشاپ ئاتا–ئانىڭىزدىن بىرىسى زابوي بولسا، مېنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىمنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنەلەيسىز. كەنتىمىزدە ھەممە ئادەم

دادامنى بىلەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ساۋاقداشلىرىم دادامنىڭ يەرلەردە توپىغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى ئېيتىشىپ مېنى مەسخىرە قىلاتتى. ئۇلار مېنىڭ كۆڭلۈمگە كەلمەيدۇ دەپ ئويلايتتى. ئەينى چاغدا مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كۈلەتتىم-يۇ، لېكىن يۈرىكىم لەختە-لەختە بولۇپ كېتەتتى. بەزىدە مەن كالا قوتىنىدا ئاپامنىڭ تاياق زەربىسىدىن كالا پوقى ئارىسىدا قوپالماي ياتقانلىقىنى كۆرەتتىم. دوستلىرىم ئۆيۈمگە كەلگەن چاغلاردا، مەن دادامنى كالا قوتىنىغا باغلاپ قويۇپ، ئۇستىگە سامان دۆلەپ، ساۋاقداشلىرىمغا دادام باشقا جايغا كەتتى دەپ قوياتتىم. مېنىڭچە ھېچ كىممۇ دادىسىنى مەندەك ئۆچ كۆرۈپ باقمىغاندۇر.

مەن ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىپ بەش ئايدىن كېيىن، خۇدا مەسىھ ئارقىلىق ماڭا بەرگەن مۇھەببەت ھاياتىمغا كىردى. ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى قەلبىمدىكى نەپرەتنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى. مەن دادامغا: «دادا، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېيەلىدىم. بۇ مېنىڭ قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان سۆز ئىدى. مېنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن پوزىتسىيەرىمدىكى ئۆزگىرىش ئۆزۈمنى چەكسىز ھەيران قالدۇردى.

مەن باشقا بىر شەخسىي مەكتەپكە يۆتكەلگەن چېغىمدا، ئېغىر قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىدىم. مېنىڭ بويۇن سۆڭىكىم زەخىملىنىپ، ئۆيۈمگە دەم ئېلىشقا قايتۇرۇلدۇم. مەن دادامنىڭ ھوجرامغا كىرگەندىكى ئەھۋالىنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن. ئۇ مەندىن: «بالام، سەن قانداقسىگە مەندەك بىر ئادەمنى ياخشى كۆرەلەيسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «دادا، ئالتە ئاي ئىلگىرى مەن ساڭا يەنىلا ئۆچ ئىدىم» دېدىم. ئاندىن مەن ئۇنىڭغا ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم: «دادا، مەن ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلغان بۇ ئىشنى ساڭا پۈتۈنلەي چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيمەن، لېكىن بۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن سېنى سۆيەلەيلا قالماي، يەنە شەرتسىز ھالدا باشقىلارنى قوبۇل قىلالايدىغان بولدۇم» دېدىم.

45 مىنۇتتىن كېيىن، بۇ ئۆيدە ھاياتىمدا مېنى ئەڭ ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىش يۈز بەردى. ئائىلەمدىكى مەن پەقەت ئويلاپ باقمىغان بىر ئادەم ماڭا: «بالام، ئەگەر خۇدا سېنىڭ ھاياتىڭدا مەن كۆرۈۋاتقان بۇ ئىشلارنى قىلالىغان بولسا، مەنمۇ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشنى خالايمەن دېدى. ئەنە شۇ چاغدا دادام مەن بىلەن بىللە دۇئا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن، بىر نەچچە ھەپتە، بىر نەچچە ئاي، بىر نەچچە يىل كېتىدۇ. مەندىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن. ھالبۇكى دادامدىكى ئۆزگىرىش كۆز ئالدىمدىلا بولدى. بۇ خۇددى قولىنى ئۆزىتىپ لامپۇچكىنى ياققاندەكلا بولدى. مەن ئەزەلدىن ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردىمۇ بۇنداق تېز ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ باقمىدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ، دادام بىرلا قېتىم ۋېسكىي پوتۇلكىسىنى سىلاپ باقتى. ئۇ كالپۇكىغا تەگكۈزۈپلا قويدى. مېنىڭ چىقارغان يەكۈنۈم شۇكى، ئەيسا مەسىھ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىلسا ھايات ھەقىقەتەن ئۆزگىرىدىكەن.

سىز ئەيسا مەسىھكە بولغان ئېتىقادنى زاڭلىق قىلىسىڭىزمۇ، ئۇنى ھاقارەتلىسىڭىزمۇ ھېچقىسى يوق. لېكىن ئۇنىڭدا ھاياتنى ئۆزگەرتەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەت ھەقىقەتەن بار. ئەگەر سىز راستىنلا ئەيسا مەسىھكە ئىشەنسىڭىز، سىز ئەيسا مەسىھنىڭ سىزنىڭ پوزىتسىيىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىزنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى كۆرەلەيسىز.

سىز باشقىلارنى ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىشقا زورلىسىڭىز ياكى مەجبۇرلىسىڭىز بولمايدۇ. بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىغا ئالاھىدە مەسئۇل بولۇشىمىز لازىم. مېنىڭ قىلىدىغىنىم پەقەتلا ئۆزۈم بىلىدىغان ئىشلارنى سىزگە ئېيتىپ بېرىش خالاس. ھالبۇكى تاللاش ياكى تاللىماسلىق پۈتۈنلەي سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولىدۇ.

بەلكىم مېنىڭ دۇئايىم سىزگە ياردەم بېرىپ قالار: «ئەيسا مەسىھ، سىز ماڭا كېرەك. سىزنىڭ مەن ئۈچۈن كرېستكە مىقلانغانلىقىڭىزغا تەشەككۈر. مېنى كەچۈرۈڭ، مېنى پاكلاڭ. مانا مۇشۇ پەيتتە مەن سىزنى قۇتقۇزغۇچىم ۋە نىجادكارىم دەپ قوبۇل قىلىمەن. مېنى قانداق سۆپەتتە كۆرۈشنى خالىسىڭىز شۇنداق ئۆزگەرتكەيسىز، ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن ئامىن!»